# بىدئەتكە قارشى تۇرۇپ سۈننەتنى قوغدايلى!

تۈزگۈچى:
قارچۇغا

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

بىدئەت دېگەن نېمە؟

بىدئەت دېگىنىمىز ئىسلام دىنىدا ھېچقانداق ئاساسى يوق، كىشىلەر تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ساختا ئىشلار.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ئەلىف لام را. بۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ھەممىدىن خەۋەردار، الله تەرىپىدىن نازىل بولغان ئايەتلارنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا (يەنى ھەممە ئىشلار) تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر﴾. [سۈرە ھۇد 1 ـ ئايەت]

الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾. [سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەت]

الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار﴾. [سۈرە ھەشر 7 ـ ئايەت]

الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿ئى مۆئمىنلەر! سىلەر الله نىڭ ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق سۆزنى ياكى بىر ئىشنى ئالدى بىلەن قىلماڭلار﴾. [سۈرە ھۇجۇرات 7 ـ

www.munber.org

ئايەت]

اللّٰه تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشقا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا ئەر ـ ئايال مۆئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ﴾. [سۈرە ئەھزاب 36 ـ ئايەت]

اللّٰه تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغان سۆزلەش ئۈچۈن (بۇ ھالال، بۇ ھارام) دېمەڭلار، چۈنكى اللّٰه نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر. اللّٰه نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەقىقەتەن مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ﴾. [سۈرە نەھل 116 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ خاھىشى مەن ئەكەلگەن نەرسىگە ئەگەشكەن بولماي تۇرۇپ مۆئمىن بولالمايدۇ». [تىرمىزى خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسى قۇرئان كەرىمنىڭ سۆزىدۇر. يولنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدۇر. ئىشلارنىڭ يامىنى دىندا يوق بولۇپ كېيىن پەيدا بولغان ئىشلاردۇر، ئەسلى دىندا يوق بولۇپ كېيىن پەيدا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىدئەتتۇر. بىدئەتنىڭ ھەممىسى گۇمراھلىقتۇر.

www.munber.org

گۇمراھلىقنىڭ ھەممىسى دوزاختىدۇر». [ئىمام مۇسلىم خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ھىدايەتكە چاقىرسا ئۇ ئادەمگە شۇ ھىدايەتكە ئەگەشكەن ئادەمنىڭ ئەجرىدىن ھېچنىمە كېمەيتىلمەستىن، ئەگەشكۈچىگە ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ. كىمكى گۇمراھلىققا چاقىرسا چاقىرغۇچى ئادەمگە شۇ گۇمراھلىققا ئەگەشكەن كىشىنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەستىن ئۇنىڭغا گۇناھ بولۇپ تۇرىدۇ». [ئىمام مۇسلىم خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئىسلام دىنىدا بولمىغان بىر ئەمەلنى قىلسا ئۇ ئەمەل قوبۇل قىلىنمايدۇ». [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿ئۇلارنىڭ الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟﴾. [سۈرە شۇرا 21 ـ ئايەت]

سۈننەت دېگەن نىمە؟

سۈننەت دىگىنىمىز رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىش دېگەنلىكتۇر.

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

﴿ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى ئەگەر سىلەر الله نى دوست تۇتساڭلار ماڭا ئەگىشىڭلاركى الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ﴾. [سۈرە ئال ئىمران 31 ـ ئايەت]

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار﴾. [سۈرە ھەشر 7 ـ ئايەت]

الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

«كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ الله غا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ». [سۈرە نىسا 80 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

« ماڭا ئەگەشكەن كىشى الله قا ئەگەشكەن بولىدۇ. ماڭا ئاسيي بولغان كىشى الله قا ئاسيي بولغان بولىدۇ». [ئىمام بۇخارى خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمەس». [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

« مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كېتىدىغان بولدۇم. بىرى الله نىڭ كالامى يەنە بىرى مېنىڭ سۈننەتلىرىم. سىلەردىن كىمكى مۇشۇ ئىككى

www.munber.org

نەرسىنى چىڭ تۇتالىسا ھەرگىز ئازمايدۇ». [ئىمام مالىك خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئاراڭلاردىن كىمكى ئۇزۇن ياشىسا كۆپ ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ. سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمنى ۋە راستچىل توغرا يولغا باشلىغۇچى خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇڭلار، بىدئەت ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلەر. ھەر قانداق بىدئەت ھەقىقەتەن ئازغۇنلۇقتۇر». [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى خاتىرلىگەن]

ھەرقانداق مۇسۇلمان الله تائالاغا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگىشىشى، بىدئەتچىلىككە قەتئى قارشى تۇرۇپ سۈننەتنى جان تىكىپ قوغدىشى، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتالمايدىغان مەسئۇلىيىتى.

ئۆلۈكلەر ئۇچۇن قىلىنغان ئەمەللەرنىڭ ساۋابى ئۇلارغا يېتەمدۇ؟

ئۆلۈكلەر ئۇچۇن قىلىنغان ئەمەلنىڭ ساۋابى بەزىسىگە يېتىدۇ، بەزىسىگە يەتمەيدۇ، ساۋابى يەتمەيدىغانلىرى مۇناپىق كاپىرلاردۇر.

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

﴿ئى مۇھەممەت! ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۇچۇن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل ياكى تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش). ئۇلار ئۇچۇن **70** قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ الله ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ.

www.munber.org

چۈنكى ئۇلار الله نى ۋە پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلدى. الله پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾. [سۈرە تەۋبە 80 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر ئىنسان ئۆلسە ئۇنىڭ ئۈچ ئەمەلدىن باشقا بارلىق ئەمەللىرى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئۇ سەدىقە جارىيە، مەنپەئەت قىلىدىغان ئىلىم، ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى بالىنى تەربىيىلەپ قويۇش». [ئىمام مۇسلىم خاتىرىلىگەن]

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەسۇلۇللاھتىن مۇنداق دەپ سورىغان: «ئانام ھايات ۋاقتىدا بىرەر ئىشنى نىيەت قىلىپتىكەن، لېكىن نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالماي قازا قىلدى قانداق قىلسام بولار؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن ئورۇنلىغىن» دېگەن. سەئىد ئىبنى ئۇبادە: «نېمە سەدىقە قىلسام بولار؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سۇ سەدىقە قىلغىن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن سەئىد ئىبنى ئۇبادە مەدىنىدە بىر قۇدۇق قېزىپ سەدىقە قىلغان. [ئىمام ئەھمەد ۋە نەسەئى خاتىرىلىگەن]

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

﴿ئىنسان پەقەت ئۆزى ئىشلىگەن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾. [سۈرە نەجم 39 ـ ئايەت]

بۇنداق كىشىلەرگە ساۋابنىڭ يېتىپ تۇرۇشى ئاشۇ ئەمەللەرگە ھايات ۋاقتىدا ئۆزى ئاساس سالغانلىقى

www.munber.org

ئۈچۈن. مۇسۇلمانلار ئىمكان قەدەر ئۆز قولى بىلەن ياخشى ئىش قىلىشى، ياخشى ئىشلارنى نىيەت قىلىشى لازىم. ھاياتلىقىدا اللّٰه قا ۋە پەيغەمبەرگە ئەگەشمىگەن كىشىلەرگە ئۆلگەندە ئۇلار ئۈچۈن قىلغان ھەر قانداق ئەمەللەرنىڭ ساۋابى ئۇلارغا يەتمەيدۇ.

مېيتنى قەبرىگە قويغاندا مېيتكە نەسىھەت قىلىش، كېسەككە ئىخلاس ئوقۇپ مېيت بىلەن كۆمۈۋېتىش ۋە قەبرىستانلىقلاردا قۇرئان ئوقۇش توغرىمۇ؟

بەزى كىشىلەرنىڭ قەبرىستانلىقلاردا قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىنى، كېسەك تاشلارغا سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇپ مېيت بىلەن بىللە دەپنە قىلىۋاتقانلىقىنى ھەم قەبرىدىكى مېيتكە: ئەگەر مۇنكىر نەكىر سوئال سورىسا مۇنداق دە، ئۇنداق دە، دەپ نەسىھەت قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىۋاتىمىز.

قەبرىدىكى ئۆلۈكلەر نەسىھەتنى ئاڭلىيالامدۇ؟

اللّٰه تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

﴿سەن قەبرىدىكىلەرگە ئاڭلىتالمايسەن﴾. [سۈرە فاتىر 22 ـ ئايەت]

قەبرىستانلىقتا قۇرئان ئوقۇشنىڭ دۇرۇس ياكى ئەمەسلىگى توغرىسىدا تۆت ئىماملارنىڭ ئىچىدە ئىختىلاپ بار. ئىمام مالىكتىن باشقا ئىماملار قۇرئان كەرىمنى قەبرىستانلىقتا ئوقۇش مەكرۇھ دەپ قارايدۇ.

اللّٰه تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

﴿ئۇ پەقەت تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان) ۋەز ـ نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر﴾. [سۈرە ياسىن 70 ـ ئايەت]

قەبرىستانلىقلاردا قۇرئان ئوقۇش ساھابىلارنىڭ ۋە ساھابىلارنىڭ ئاللىرىنىڭ زامانىدا كۆرۈلمىگەن ئىش.

مېيىتنى قەبرىگە قويغاندا مېيىتكە نەسىھەت قىلىش مەسىلىسىمۇ شەرىئەت ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك مەكرۇھ، دەپ قارىغان مەسىلە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېيىتنى قەبرىگە قويغاندا مۇنداق دەگەنلەر دېگەن:

«الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بىلەن سېنى قەبرىگە قويدۇم». [ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى خاتىرلەنگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيتتى «ئى الله ! ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنى ئىماندا مۇستەھكەم قىلغىن». [ئەبۇ داۋۇد خاتىرلەنگەن]

ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆممۇ كۇلسۇمنىڭ قەبرىسىگە «بىز سەندىن يارالغان، ساڭا قايتىمىز. ئىككىنچى قېتىم يەنە سەندىن چىقىرىلىمىز» دېگەن سۆزنى قىلىپ ئۈچ سىقىم توپىنى قەبرىگە چاچتى دېگەن ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ئاجىز ھەدىس توپىغا بىر نىمە دېيىش، ئايەت

www.munber.org

ئوقۇش ياخشى ئەمەس دەيدۇ. مەن بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ بۇنداق بىدئەت ئىشلارنى قىلماسلىقنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە كەرەملىك الله تائالا دىن ھەممىزنى توغرا يولغا باشلىشىنى تىلەيمەن. چۈنكى بىدئەت ئەمەل ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئىسلام دىنىدا بولمىغان بىر ئەمەلنى قىلسا بۇ ئەمەل قوبۇل قىلىنمايدۇ». [ئىمام مۇسلىم خاتىرلىگەن].

قەبرىستانلىقلاردا قانداق دۇئا قىلىش كېرەك؟

بەزى كىشىلەرنىڭ قەبرىستانلىقلاردا يىغلاپ، ۋارقىراپ ھەرخىل شەكىلدىكى پائالىيەتلەرنى قىلىپ ۋە سەدىقەلەرنى قەبرىستانلىقلاردا ئىشلىتىپ دۇئا قىلىشنىڭ ئاساسىي قىلۋاتقانلىقنى كۆرۈۋاتىمىز. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى مۆئمىن مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئاھالىسى! سىلەرگە سالامەتلىك تىلەيمىز. خۇدا خالىسا بىزمۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىن بارىمىز. ئۆزىمىز ئۈچۈن ۋە سىلەر ئۈچۈنمۇ الله تىن ئامانلىق تىلەيمىز». [ئىمام مۇسلىم خاتىرلىگەن]

مۇسۇلمانلار چوقۇم رەسۇلۇللاھنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىشى لازىم.

قەبرىستانلىقلاردا قۇرئان ئوقۇپ پۇل ئالسا بولامدۇ؟

www.munber.org

قەبرىستانلىقلاردا قۇرئان ئوقۇپ پۇل ئېلىش هارام.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:

«قۇرئاننى ئوقۇڭلار ۋە قۇرئانغا ئەمەل قىلىڭلار. قۇرئان ئارقىلىق بىر نەرسە تېپىپ يېمەڭلار ۋە قۇرئان ئارقىلىق دۇنيا جۇغلىماڭلار». [ئىمام ئەهمەد خاتىرلىگەن]

قەبرىستانلىقتا تەرەتنىڭ پەرزىنى سوراش شەرتمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قەبرىستانلىقلاردا تەقدىرگە ئوخشاش مۇهىم مەسىلىلەرنى بايان قىلاتتى. تاهارەتنىڭ پەرزىنى سوراش هەرگىزمۇ شەرت ئەمەس.

قەبرىستانلىقلاردا ئىبادەت قىلىش توغرىمۇ؟

قەبرىستانلىقلاردا ئىبادەت قىلىش مۇشرىكلىك.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:

«قەبرىستانلىقلاردا ناماز ئوقۇماڭلار ۋە ئۆيدە ئولتۇرماڭلار» [ئىمام مۇسلىم خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:

«يەهۇدىي ناسارالار ئۆزلىرىنىڭ ئەنبىيالىرىنىڭ قەبرىسىنى مەسچىت قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن الله ئۇلارغا لەنەت قىلدى». [ئىمام ئەهمەد خاتىرلىگەن]

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

﴿نامىزىڭدا يۈزۈڭنى هەرەم مەسجىدى تەرەپكە قىلىغىن (ئى مۆئمىنلەر) سىلەرمۇ قەيەردە بولماڭلار

www.munber.org

(نامىزىڭلاردا) يۈزۈڭلارنى ھەرەم مەسجىدى تەرەپكە قىلىڭلار﴾. [سۈرە بەقەرە 144 ـ ئايەت]

مازايى ماشايىخلارنىڭ قەبرىلىرىگە بېرىپ ئىبادەت قىلىشنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كاپىرلارنىڭ بۇتخانىلىرىغا بېرىپ بۇت ئالدىدا ئىبادەت قىلغىنىغا ئوخشاش مۇشرىكلىك دېگەن ئىدى.

نەزىر دېگەن نېمە؟ ئۆلۈكلەرگە ئاتاپ نەزىر بېرىش توغرىمۇ؟

نەزىر دېگەنلىك ئەھدى قىلىش ياكى نىيەت قىلىش دېگەنلىك. نەزىرنىڭ قانداق ئىكەنلىكى توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى (دۇنيا ئىشلىرىدىن) ئازاد قىلىنغان ھالدا چوقۇم سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم، بۇ نەزىرىمنى قوبۇل قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، بىلىپ تۇرغۇچىسەن»﴾. [سۈرە ئال ئىمران 35 ـ ئايەت]

نەزىر دېگەن يۇقىرىقىغا ئوخشاش ياخشى ئىشلارغا نىيەت قىلىش، نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش "نەزىر" دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەزىر قىلىشنى چەكلەپ مۇنداق دېگەن:

«نەزىر دېگەن تەقدىرنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت بېخىللارنى بېخىللىقتىن قۇتقۇزىدۇ». [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

ئۆلۈكلەرگە ئاتاپ نەزىر بېرىش، ئاق باغلاپ قارلىق

www.munber.org

تۇتۇش 3 ـ 7 ـ 20 ـ 40 ـ ۋە يىلى دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلار بىلەن نەزىر بېرىش بۇددا دىنىنىڭ ئادىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى كاپىر قەۋملەرگە ئوخشاش بىر ئەمەلنى قىلسا، ئۇ كىشى شۇ قەۋملەردىن بولىدۇ». [ئىمام ئەھمەد خاتىرلىگەن]

مازايى ـ ماشايىخلارنىڭ قەبرىسىگە ئاپىرىپ ھايۋان بوغۇزلاش توغرىمۇ؟

مۇنداق قىلىش مۇشرىكلىك. چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن، (پەرۋەردىگارىڭ) ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغىن﴾. [سۈرە كەۋسەر 2 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى اللە دىن باشقىلار ئۈچۈن ھايۋان بوغۇزلايدىكەن اللە ئۇنىڭغا لەنەت قىلىدۇ». [ئىمام مۇسلىم خاتىرلىگەن]

قان قىلىش مەسلىسى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىسلام دىنىدا قان قىلىش يوق» [ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن]

مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ مۇنداق مۇشرىكلىك ۋە

www.munber.org

كاپىرلىقتا ياتىدىغان ئەمەللەرنى قىلماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن.

قەبرىلەرنى ھەشەمەتلىك قاتۇرۇش، تۇغ ئەلەم ئېسىش ۋە گۈللەرنى ئېسىش توغرىمۇ؟

مۇنداق قىلىش خاتا. بەزى كىشىلەرنىڭ قەبرىلەرگە ھايۋاننىڭ بېشى، مۈڭگۈزلىرى ھەرخىل شەكىلدىكى بايراقلار ۋە گۈللەرنى ئېسىپ، داۋاملىق يېڭىلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. بۇنداق قىلمىشلار ناسارا، يەھۇدىيلارنىڭ ۋە كومۇنىستلارنىڭ گۈل چەمبىرەك ئېسىپ قويغىنىغا ئوخشاش كۆپۈرلۈق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«گەج، پىشىق خىش قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن قەبرە ياسىماڭلار ۋە قەبرىلەردە ئولتۇرماڭلار ۋە بىنا سالماڭلار». [ئىمام مۇسلىم خاتىرىلىگەن]

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «ئۇ ئىككىسى ئازابلىنىۋېتىپتۇ، چوڭ ئىش سەۋەبلىك ئەمەس ئۇلارنىڭ بىرى ئۆز سۈيدىكىنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن ساقلانمايتتى، يەنە بىرىسى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا سۆخەنچىلىك قىلاتتى» دېدى. كېيىن خورما شېخىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنى سۇندۇرۇپ ئىككى قەبرىنىڭ ئۈستىگە بىردىن سانچىپ قويدى. كۆپچىلىك: بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ دەپ سورىغاندا،

www.munber.org

رەسۇلۇللاھ: «بۇ شاخلار قۇرۇپ قالغۇچە ئۇلارنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىپ تۇرۇشى مۇمكىن» دېدى. [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

رەسۇلۇللاھ، ساھابىلار ۋە ساھابىلارنىڭ باللىرى مۇشۇ بىر قەبرىدىن باشقا ھېچ قانداق قەبرىگە شاخ سانجىغانلىقى مەلۇم ئەمەس. بەزى ئالىملار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ شاخ سانجىشىنى ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە قىلغان بولۇشى مومكىن، دەپ قارايدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ:

شاخلارنى قەبرە بېشىغا سانجىپ قويۇش مېيىتكە ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. مېيىتكە پەقەت ياخشى ئەمەللىرى پايدا يەتكۈزىدۇ. [پەقىھى سۈننەدىن ئېلىندى]

ئاياللارنىڭ مېيىتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ھىكمەت ئوقۇپ سۆلكى ئويىنىشى توغرىمۇ؟

مۇنداق ئىشلار بىدئەتچىلىك. بۇنداق قىلمىشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارنىڭ زامانىدا كۆرۈلمىگەن ئىش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئىسلام دىنىدا بولمىغان بىر ئەمەلنى قىلسا، بۇ ئەمەل ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ». [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

مازارلارنى تاۋاپ قىلىش ۋە ئۇلاردىن ياردەم سوراش

www.munber.org

توغرىمۇ؟

بۇنداق قىلىش كاپىرلىقتۇر.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿قەدىمقى بەيتنى (يەنى بەيتۇللانى) تاۋاپ قىلسۇن﴾. [سۈرە ھەج 29 ـ ئايەت]

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ئى الله! ساڭلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم سورايمىز﴾. (دەڭلار) [سۈرە فاتىھە 5 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سورساڭلار الله تائالادىنلا سوراڭلار، ياردەم تەلەپ قىلساڭلارمۇ الله تائالادىنلا تەلەپ قىلىڭلار». [تىرمىزى خاتىرلىگەن].

تاۋاپ قىلىشقا لايىق جاي پەقەت بەيتۇللاھتۇر، سوراشقا تېگىشلىك زات پەقەت الله تائالادۇر.

"چىراق نان" دەپ (نانغا شامنى قاداپ) يېيىش، يولدىن ئۆتۈن ئۈۋۈقى تىرىپ ئىسرىق سېلىش توغرىمۇ؟

بۇنداق قىلمىش بىدئەتچىلىك. چۈنكى بۇ ئىش شامان، بۇددا ۋە ئوتپەرەسلەرنىڭ ئەمەللىرى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى كاپىر قەۋمگە ئوخشاش بىر ئەمەلنى قىلسا ئۇ كىشى شۇ قەۋمدىن بولىدۇ».[ئەبۇ داۋۇد خاتىرىلىگەن]

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئىسلام دىنىدا يوق بىر ئەمەلنى قىلسا ئۇ ئەمەل ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ». [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

مەۋلۇد ئوقۇش توغرىمۇ؟

مەۋلۇد ئوقۇش بىدئەتچىلىك. چۈنكى مەۋلۇد ئوقۇغۇچىلار (يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرلىگۈچىلەر) رەسۇلۇللاھنى ماختاپ، ئىلاھلاشتۇرۇپ كۆككە كۆتىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى پۈتۈنلەي ماختاش بىلەن تولغان، الله دىن باشقىنى ماختاش مۇشرىكلىك.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿جىمى ھەمدۇ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر﴾. [سۈرە فاتىھە 2 ـ ئايەت]

﴿بىشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتىرىۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇن باسارى قىلغان كىم؟﴾. [سۈرە نەمل 62 ـ ئايەت]

﴿ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن. ماڭا ۋەھى قىلىندۇكى سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىرلا ئىلاھتۇر. كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقەت بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ياخشى ئىش قىلسۇن.

www.munber.org

پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك قىلمىسۇن...﴾ [سۈرە كەھف 110 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ناسارالار مەريەم ئوغلى ئىسانى ماختىغاندەك مېنى ماختىماڭلار، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر بەندە، مېنى الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەڭلار». [ئىمام بۇخارى خاتىرىلىگەن]

مەۋلۇد ئۇقۇش رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلار زامانىدا كۆرۈلمىگەن ئىش. بۇ ئىش شام پادىشاھى مۇزەپپەر تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان. ”بەرزەنجى“ دېگەن كىشى قەسىدىسىنى يازغان. شۇ سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىغا تارقىلىپ يەتكەن. تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش ئەمەلىيەتتە ناسارالارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرلەش يۇزىسىدىن ئۆتكۈزىدىغان بايرىمى. مۇسۇلمانلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ ئىلاھلاشتۇرۇپ مۇنداق پائالىيەتلەرنى قىلىش ھەقىقەتەنمۇ مۇشرىكلارنىڭ ئەمەلىي.

كاھىن رەممالالارنى ۋە پالچىلارنى غەيبنى بىلىدى دەپ ئىشىنىش توغرىمۇ؟

ئۇلارغا غەيبنى بىلدى دەپ ئىشىنىش كاپىرلىق.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿الله دىن بۆلەك ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ﴾. [سۈرە نەمل 65 ـ ئايەت]

www.munber.org

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿غەيبنىڭ خەزىنىلىرى الله نىڭ دەرگاھىدۇر. ئۇنى پەقەت الله لا بىلىدۇ﴾. [سۈرە ئەنئام 59 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشىنىڭ ئالدىغا كاھىن، رەممال ياكى پالچى كېلىپ غەيبتىن بىر نېمىلەرنى دېسە ئۇنىڭغا ئىشەنسە چوقۇم كاپىردۇر. بۇ توغرۇلۇق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئايەت نازىل بولغان». [ئىمام ئەھمەد خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كاھىنلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ» دېدى. كىشىلەر: يارەسۇلۇللاھ! بەزىدە ئۇلارنىڭ دېگىنى توغرا كېلىپ قالىدىغۇ؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «ئۇلار توغرا چىقىپ قالغان، شۇ گەپنى پەرىشتىلەردىن ئاڭلىغان جىندىن ئالىدۇ، جىن ئۇ سۆزنى دوستى كاھىنغا دەپ بېرىدۇ، كاھىن ئۇ سۆزگە يۈز يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ تارقىتىدۇ» دېدى. [ئىمام بۇخارى خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى كاھىنلىق قىلىدىكەن، ياكى كاھىنلىق قىلغۇزىدىكەن بىزدىن ئەمەس». [تەبرانى خاتىرلىگەن]

ئەگەر غەيبنى بىلمەن دېگۈچىلەر راستىنلا غەيبنى بىلىدىغان بولسا، نىمە ئۈچۈن ئۇلار يەر ئاستى

www.munber.org

بايلىقلىرىنى تېپىپ پايدىلانمىدى؟

بەزى ئايەتلەرنى ئەبجەد تەرتۇۋى بويىچە يېزىپ دۇكانلارغا چاپلاپ قويسا سودىسى راۋاجلىنامدۇ؟

مۇنداق قىلىش ئەخمەقلىق.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى الله مەرھەممەت يۈزىسىدىن ئۈستىگە ئالغان﴾. [سۈرە ھۇد 6 ـ ئايەت]

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ئۇ مېنى ياراتقان، ئۇ (الله) مېنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئۇ مېنى تاماق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇسسۇزلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئاغرىپ قالسام ساقايتىدۇ...﴾ [سۈرە شۇئەرا 77 ـ 78 ـ 79 ـ 80 ـ ئايەتلەر]

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿الله خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ﴾. [سۈرە ئال ئىمران 37 ـ ئايەت]

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿الله بەندىلىرىدىن قايسى ئادەمنىڭ رىزىقىنى كەڭ قىلماقچى بولسا ئۇنى كەڭ قىلىدۇ. كىمنىڭ رىزىقىنى تار قىلماقچى بولسا ئۇنى تار قىلىدۇ. الله ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾. [سۈرە ئەنكەبۇت 62 ـ ئايەت]

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«يۇرەكسىز تىجارەتچى كۆپ پايدىدىن مەھرۇم قالىدۇ، يۇرەكلىك تىجارەتچى كۆپ پايدىغا ئېرىشىدۇ». [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«رىزىقىم كەڭ بولسۇن، ياكى ئۆمرۈم ئۇزۇن بولسۇن دېگەن ئادەم يېقىن تۇغقانلىرىغا ۋە يېقىنلىرىغا رەھىم قىلسۇن». [ئىمام بۇخارى خاتىرلىگەن]

ئەگەردە سودىنى راۋاجلاندۇرالايدىغان ئايەتلەرنى بىلىدىغان كىشىلەر بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرى سودا بىلەن شۇغۇللانمىدى؟ نېمە ئۈچۈن سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ بېيىپ كەتمىدى؟

ھەرە ئۇۋىسىنى (ھەرە چاڭگىسىنى) چارۋا ـ ماللارنىڭ ئۇستىگە چېچىپ قويسا سودىسى ياخشى بولامدۇ؟

بۇنداق قىلىش بىدئەتچىلىك.

بەزى كىشىلەر چارۋا ـ ماللىرىنى بازارغا ئاپىرىشتىن بۇرۇن ئۇستىگە ھەرە چاڭگىسىنى سېپىپ قويىدىكەن ئۇلارنىڭ دېيىشىچە شۇنداق قىلغاندا چارۋا ـ ماللىرىنىڭ بازىرى تېز بولارمىش؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«يالغان قەسەم مالنىڭ بازىرىنى چىقىرىدۇ، بەرىكىتىنى كەتكۈزىدۇ». [ئىمام بۇخارى خاتىرلىگەن]

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«شەھەرلىكلەر سەھرالىقلارنىڭ ماللىرىنى يول توسۇپ ئالمىسۇن». [ئىمام بۇخارى خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بازارغا كىرگەن كىشى مۇنۇ دۇئانى ئوقۇسۇن ”يالغۇز بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، اللہ نىڭ شېرىكى يوقتۇر، سەلتەنەت اللہ تائالاغا خاستۇر. جىمى ھەمدۇسانالار اللہ غا مەنسۇپتۇر، اللہ مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. اللہ ھەمىشە تىرىكتۇر، ئۇنىڭغا ئۆلۈم يۈزلەنمەيدۇ. اللہ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر“». [ئىمام مۇسلىم خاتىرلىگەن]

ئەگەر سىز چارۋا ـ ماللىرىڭىزنى ئوبدان ساتاي دېسىڭىز رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە سودا قىلىڭ!

باشقىلار ئۆيگە كىرگەندە ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىش توغرىمۇ؟

مۇنداق قىلىش بىدئەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئورنىدىن تۇرۇشىنى ياخشى كۆرسە ئۇ كىشى دوزاختىن ئۆزىگە بىر كىشىلىك جاي تەييارلاپ قويسۇن». [مۇسلىم خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

«سىلەردىن ھېچكىم بىرەر ئادەمنى قوپقۇزۇۋېتىپ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالمىسۇن، لېكىن سۈرۈلۈپ ئورۇن بوشۇتۇپ بېرىڭلار». بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن.

ئەنەس رەزىيالللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ بىر كىمنى ياخشى كۆرۈشى ساھابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھنى ياخشى كۆرگىنىگە يەتمەيدۇ، ساھابىلار رەسۇلۇللاھنى كۆرگەندە ئورنىدىن تۇرمايتى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئۆزىگە باشقىلارنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشنى يامان كۆرەتتى».

«ناسارالار مەريەم ئوغلى ئىسانى ماختىغاندەك مېنى ماختىماڭلار، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر بەندە، مېنى الله نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەڭلار». [ئىمام مۇسلىم خاتىرلىگەن]

باشقىلارغا ئورنىدىن تۇرغانلار توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بورادىرىڭلارغا زىيان سېلىش ئۈچۈن شەيتاننىڭ بورادىرى بولماڭلار» [بوخارى خاتىرلىگەن]

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

«ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر». [سۈرە ھۇجۇرات 13 ـ ئايەت]

بەزى كىشىلەر ئولتۇرغان سورۇنلىرىدا باي، ئەمەلدار ياكى مەرتىۋىلىك كىشىلەر بولسا، ئورۇن

www.munber.org

بوشۇتۇپ ھۆرمەت قىلدۇق دېيىشىدىكەن، ئەمما ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشى چوقۇم ئەڭ تەقۋادار كىشى. ھۆرمەتلەش بولسا كىشىلەرنىڭ قەلبىدە بولىدۇ. ئەگەر سىز بىرەر ئۆلىمانى ھۆرمەتلىمەكچى بولسىڭىز ئۇنىڭ توغرا بولغان پىكرىنى قوللاڭ، ئىش ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىڭ، كۆرسەتمىلىرىگە بويسۇنۇڭ... كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشمەكچى بولغان ھەرقانداق كىشى ئورنىنى سورۇننىڭ تۆرىدىن ئەمەس، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ۋە جەننەتتىن ئىزدىشى كېرەك.

تۇغۇلغان كۈن مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش توغرىمۇ؟

مۇنداق قىلىش بىدئەتچىلىك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارنىڭ زامانىدا مۇنداق ئىشلار كۆرۈلمىگەن. مۇنداق قىلمىشلار يەھۇدىي ناسارالارنىڭ ئادىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

«ھەر قانداق بىر كىشى كاپىر قەۋملەرگە ئوخشاش بىر ئەمەلنى قىلسا، ئۇ كىشى شۇ قەۋمدىن بولىدۇ». [ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن]

توي ـ تۈكۈنلەرنى ھەشەمەتچىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈش توغرىمۇ؟

بۇنداق قىلىش ئىسراپچىلىق. چوڭ گۇناھ، ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ بەزى كىشىلەر توي ـ تۆكۈن باھانىسى بىلەن پۇل ماللارنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىپ ھەشەمەتلىك توي ـ تۈكۈنلەرنى

www.munber.org

ئۆتكۈزۈپ باشقىلارغا بۇزۇپ چىچىشتا باشلامچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئاشۇ ئىسراپخورلار سىرتلاردا بىر ۋاق تائام ئۈچۈن باشقىلارغا ياللىنىپ ئىشلەۋاتقان بىچارىلەرنى، ئۇقۇشسىز قالغان ئەقىللىق، ساغلام، ئۈمىدلىك ئۆسمۈر باللارنى خىيالغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ. ئۇلار نېمىدېگەن رەزىل ھە!

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ئىسراپ قىلمىغىن ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر﴾. [سۈرە ئىسرا 26 ـ 27 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئاياللارنىڭ ياخشىسى مېھرى (تويلۇق) ھەققى ئاز بولغىنىدۇر، مېھرى ھەققىنىڭ ئاز بولغىنى ئەڭ ياخشى مېھرى ھەققىدۇر». [ئەبۇ داۋۇد خاتىرىلىگەن]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىدىن ھېچ بىرىسىگە زەيىنەبكە قىلغاندەك توي زىياپىتى قىلىپ بەرمىگەن. زەينەبكە بىر قوي بىلەن زىياپەت قىلغان». [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرىلىگەن]

مۇسۇلمانلار ھەر قانداق ئىشتا ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلىشى، ھەرگىزمۇ باشقىلارنى دورىماسلىقى، باشقىلارغا ئەگەشمەسلىكى ئارقىلىق الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەسلىكى لازىم.

www.munber.org

خەتنە چېيى ئۆتكۈزۈش شەرتمۇ؟

بۇنداق قىلىش بىدئەتچىلىك. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلارنىڭ زامانىدا بۇنداق ئىش كۆرۈلمىگەن. بەزىلەر خەتنە چېيى ئۆتكۈزۈش باھانىسى بىلەن پۇل يىغماقتا. بۇ چاكىنا ئادەملەرنىڭ پۇل تېپىشتىكى دەسمايىسى بولۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنىدا خەتنە ئۈچۈن چاي ئۆتكۈزۈش بەلگىلەنمىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دېگەن:

«بەش تۈرلۈك ئىش سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. خەتنە قىلىش، ئەۋرەتنىڭ تۈكىنى تازىلاش، تىرناقنى ئېلىش، قولتۇق ئاستىدىكى تۈكلەرنى ئېلىش، بۇرۇتنى قىرقىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت». [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرىلىگەن]

ئىت تالاشتۇرۇش، توخۇ سوقۇشتۇرۇش توغرىمۇ؟

مۇنداق قىلىش زالىملىق. ئىنساپسىزلىق.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿زالىملارغا ھېچقانداق مەدەتكار بولمايدۇ﴾. [سۈرە ھەجنىڭ 71 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى ھەق ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلىدۇ. ھەتتاكى مۈڭگۈزسىز قويغىمۇ مۈڭگۈزلۈك قويدىن ئۆسكىنى ئۈچۈن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ». [ئىمام موسلىم خاتىرلىگەن] مۇسۇلمانلارنىڭ مۇنداق ۋەھشىي

www.munber.org

قىلمىشلارنى قىلماسلىقى لازىم.

ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن ھالقا ۋە بىلەيزۈك تاقاش توغرىمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ھەر قانداق ئايال كىشى بوينىغا ئالتۇندىن ياسالغان بىر نەرسىنى ئاسىدىكەن، اللە قىيامەت كۈنى شۇ نەرسىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغان دوزاخ ئوتىنى ئاسىدۇ. ھەرقانداق بىر ئايال كىشى قۇلىقىغا ئالتۇندىن ياسالغان بىر نەرسىنى ئاسىدىكەن اللە قىيامەت كۈنى شۇ نەرسىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغان نەرسىنى قۇلىقىغا ئاسىدۇ. ھەرقانداق بىر ئايال كىشى ئالتۇندىن بولغان بىر نەرسىنى بىلىكىگە تاقايدىكەن اللە قىيامەت كۈنى شۇ نەرسىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغان دوزاخ ئۆتىنى بىلىكىگە تاقايدۇ». [ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسئى خاتىرلىگەن]

ئالتۇن تاقىغۇچىلار كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن تاقايدۇ. ھەمدە زىننەت بويۇملىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بەدەنلىرىنى يېرىم يالىڭاچ قويىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەم يولدا كىتىۋېتىپ چىچىنى ئۇزاق تارىدى ۋە كىيىمىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن ئۇزاق غادىيىپ مېڭىپ كۆرەڭلىدى اللە ئۇ كىشىنى قىيامەتكىچە يەرگە يۇتقۇزدى». [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىدى]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

«يىپەك كىيىم، ئالتۇن زىبۇ-زىننەت ئەر ئۇممەتلەرگە ھارام قىلىندى». [تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن].

بەزىلەر مۇشۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئاياللارغا ھالال دەپ قارايدۇ. لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ بويۇن، بىلەك، قۇلاق قاتارلىق جايلارغا ئالتۇن تاقاشنى ھارام دېگەنلىكىنى ئويلاپ كۆرۈشى كېرەك. بارماققا ئۈزۈك سېلىش ھالال بولىشىدا شەك يوق. ئالتۇن ھالقا، بىلەيزۈك، بولاپكا قاتارلىق ئالتۇن بويۇملارنى ھالال دېگۈچىلەر ئىختىلاپ قىلىشماسلىقى لازىم. چۈنكى شەك بولغان نەرسىلەردىن ساقلىنىش مۇسۇلمانلارنىڭ پەزىلىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ھەقىقەتەن ھالال ۋە ھارام ئاشكارا بايان قىلىنغان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كىشىلەر بىلمەيدىغان نۇرغۇن شۈبھى نەرسىلەر بار، كىمكى شۈبھىدىن ساقلانسا دىنىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلىغان بولىدۇ. كىمكى شۈبھىدىن ساقلانمىسا ھارامنىمۇ قىلىپ قويىدۇ. ئۇ ماللىرىنى چېگرا ئەتراپىدا بېقىۋاتقان پادىچىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر دىققەت قىلمىسا ماللىرى چېگراغا كىرىپ كېتىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلار ھەربىر پادىشاھنىڭ چېگرىسى بار. ئاگاھ بولۇڭلار الله نىڭ چېگرىسى ھارام قىلىنغان نەرسىدۇر. ئاگاھ بولۇڭلار بەدەندە بىر پارچە گۆش بولۇپ ئۇ تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ يۈرەكتۇر». [ئىمام بۇخارى ۋە

www.munber.org

مۇسلىم خاتىرلىگەن].

ھەربىر مۇسۇلمان يۈرگىنى، ساپ ئىمانىنى مۇستەھكەم ساقلايمەن دەيدىكەن، چوقۇم شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ساقلىنىشى كېرەك. ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى شۈبھىلىك نەرسىلەر بولۇپ، ئۇ تاماق ئەمەس يېمىسە ئاچ قالىدىغان، كىيىم ئەمەس كەيمىسە يالىڭاچ قالىدىغان.

توي كۈينىكى كىيىش مۇسۇلمانلارغا ھالالمۇ؟

توي كۈينىكى كىيىش مۇسۇلمانلارغا ھارام. چۈنكى ئۇ مۇشرىك كاپىرلارنىڭ ھاياسىزلارچە لايىھىلىنگەن يېرىم يالىڭاچ كۆرۈنىدىغان كىيىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرىدىن بىر ئەمەلنى قىلسا ئۇ كىشى شۇ قەۋمدىن بولىدۇ». [ئىمام ئەھمەد خاتىرلىگەن].

توي كۈينىكى كىيگەن مۇشرىك قىزلارغا نىكاھ ئوقۇش جائىز ئەمەس.

جۈمە نامىزىدىن كېيىن پىشىن ئوقۇش توغرىمۇ؟

مۇنداق قىلىش بىدئەتچىلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارنىڭ زامانىدا كۆرۈلمىگەن ئىش.

اللە تائالا مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

﴿ئى مۆئمىنلەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا اللە نى ياد ئېتىشكە ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار. ئەگەر بىلسەڭلەر بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ناماز ئوقۇپ بولغاندا زېمىنغا تارىلىپ (ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ) اللە نىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار. مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن اللە نى كۆپ ياد ئېتىڭلار﴾. [سۈرە جۇمۇئە 9 ـ 10 ـ ئايەت].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەردىن بىرىڭلار جۈمە نامىزىنى ئوقۇسا، پەرزدىن كېيىن تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇسۇن». [ئىمام مۇسلىم خاتىرلىگەن].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېگەن:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمەنىڭ پەرزدىن كېيىن ھېچقانداق ناماز ئوقۇماي، تۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى». [ئىمام مۇسلىم خاتىرلىگەن].

ئۆيگە بېرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش ياخشى، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم شۇنداق قىلاتتى. ئۆيى يېقىن بولمىغان كىشىلەر پەرزدىن كېيىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، ياكى ئورۇن يۆتكىلىپ، ياكى سۆز قىلىپ ئارىلىقنى ئۈزۈپ، ئاندىن تۆت رەكئەت، ياكى ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇسا بولىدۇ. لېكىن پىشىن ئوقۇش اللە تائالاغا ۋە پەيغەمبەرگە بويسۇنمىغانلىق.

www.munber.org

چۈنكى الله ۋە پەيغەمبەر جۈمەدىن كېيىن پىشىن ئوقۇشنى بۇيرىمىغان. ئۆز كۆز قارىشى بويىچە شۇنداق قىلىش ياخشى دېيىش بىدئەتچىلىك پەيدا قىلغانلىق. ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى ئاساس قىلمايدۇ.

جۈمەنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇش شەرتمۇ؟

شۇنداق قىلىش شەرت ئەمەس. ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمەنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇدى، دېگەن ھەدىسنى ھەدىس ئالىملىرى زەئىپ ھەدىس. غېرىپ ھەدىس كۈچكە ئىگە ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئەمما تۆت ئىماملارنىڭ ھەممىسى بىردەك خۇتبىدىن بۇرۇن خالىغانچە تۆت رەكئەتنى شەرت قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ناماز ئوقۇسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىمام خۇتبىگە چىققاندا تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزىنى ئوقۇش ۋە مەسجىد ئىچىدە ئەزەن ئوقۇش توغرىمۇ؟

ئىمام خۇتبىگە چىققاندا تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزىنى ئوقۇش توغرا.

بەزى جايدا ئىمام خۇتبىگە چىققاندا تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزىنى ئوقۇشنى مەكرۇھ، دەپ قارايدىكەن. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە خۇتبە ئاڭلاش پەرزمىش، تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى ئوقۇش سۈننەتمىش، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە خۇتبىدە

www.munber.org

تۇرغاندىمۇ تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى ئوقۇشنى بۇيرۇغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان چاغدا مەسجىدكە كەلسە، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن». [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن].

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

جۈمە كۈنى رەسۇلۇللاھ خۇتبە ئوقۇۋاتقان چاغدا، بىر ساھابى كىردى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن: «ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇڭمۇ؟» دەپ سورىدى ـ ئۇ ساھابە: ياق، دېۋىدى. رەسۇلۇللاھ: «ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن» دېدى. [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن].

ئىمام خۇتبىگە چىققاندا مەسجىد ئىچىدە ئەزان ئېيتىش توغرا ئەمەس. ئەزاننىڭ مەقسىتى كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىش. مەسجىدتىكى كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىش ھاجەت ئەمەس. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىدىن مەسجىدنىڭ ھويلىسى ئىچىدە ئەزان ئېيتىشقا بۇيرۇغان ئىدى. كېيىن ھىشام ئىبنى ئابدۇل مەلىك مەسجىدتىنىڭ ئىچىدە ئەزان ئېيتىشقا بۇيرۇپ بىدئەتچىلىك قىلدى.

بەختىنامە ئوقۇپ قويسا بەختلىك بولامدۇ؟

ئۆز بەختىنى ئىنسانلاردىن تىلەش مۇشرىكلىك.

www.munber.org

بەزى ئالدامچىلار بىر مۇنچە ”كىلىڭلار بەختى دۆلەت“ دېگەن تېپىمدىكى قوشاقلارنى يېزىپ كىشىلەرگە ئوقۇپ قويۇپ بەختلىك بولىسەن، دەيدىكەن. نۇرغۇنلىغان ئەخمەق، نادان مۇسۇلمانلار ئۇلارغا ئىشىنىپ نۇرغۇن پۇل خەجلەپ بەختنامە ئوقۇتىدىكەن. مۇنداق قىلىش ئىمانسىزلىق، الله تائالاغا ئىشەنمىگەنلىك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«الله بالىياتقۇغا بىر پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلىدۇ. بۇ پەرىشتە: ئى رەببىم! بۇ نىمىدۇر، ئى رەببىم! بۇ بىر پارچە گۆشتۇر، دەيدۇ. ئەگەر الله بۇ گۆشنى ئادەم شەكلىگە ئايلاندۇرماقچى بولسا، پەرىشتە: ئۇ ئوغۇلمۇ؟ ياكى قىزمۇ؟ بەختلىكلەردىنمۇ؟ ياكى بەختسىزلەردىنمۇ؟ رىزقى قانچىلىك؟ ئۆمۈرى قانچىلىك؟ دەپ سورايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چېغىدىلا پۈتۈۋېتىلىدۇ». [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«رىزقىم كەڭ بولسۇن ياكى ئۆمۈرۈم ئۇزۇن بولسۇن، دېگەن ئادەم خېش - ئەقرىبالىرىغا ۋە يېقىنلىرىغا سىلە - رەھىم قىلسۇن» [ئىمام بۇخارى خاتىرلىگەن]

بەخت سائادەتنى الله تائالادىن باشقا ھېچبىرى ئاتا قىلالمايدۇ. ئەگەر قىلالايدىغان بولسا ئاشۇ بەختنامە ئوقۇيدىغانلار نىمە ئۈچۈن بەختلىك

www.munber.org

بولالمىدى؟

بەزى ئايەت ۋە دۇئالارنى ئوقۇپ قويسا، ياكى يېزىپ ساقلاپ يۈرسە جەننەتكە كىرەمدۇ؟

دۇئايى قەدەھ ئىسىملىك دەپتەرنى كۆتۈرۈپ، كىشىلەرنى مۇشۇ كىتابنى ساقلاپ يۈرسەڭ گۇناھلىرىڭ ئەپۇ قىلىنىدۇ، دەپ ئالدايدىكەن. مۇنداق ئىشلار ناسارالار پوپلىرى تەرىپىدىن "مەغپىرەت گۇۋاھنامىسى" دەپ بىر نىملەرنى يېزىپ، كىمكى مۇشۇ گۇۋاھنامىنى بىرگە ئېلىپ يۈرسە قانچىلىك گۇناھى بولسىمۇ ئەپۇ قىلىنىدۇ ۋە جەننەتكە كىرىدۇ، دەپ مۇخلىسلىرىنى ئالدايتتى. ۋاھالەنكى بۇگۈنكى كۈندە بۇ خىل ئادەت مۇسۇلمانلار ئارىسىغا تارقىلىپ كىردى. مۇنداق سۆزلەرگە ئىشىنىش كاپىرلىق.

قانداق كىشىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ...﴾. [سۈرە بەييىنە 7 ـ 8 ـ ئايەت].

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ﴾.

www.munber.org

[سۈرە مائىدە 4 ـ 5 ـ 6 ـ ئايەت]

اللّٰه قا ئىمان ئېيتقان ۋە پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن تۇرۇقلۇقمۇ رىياكارلىق، پاسىقلىق سەۋەبىدىن دوزاخقا كىرىدىغان تۇرسا، ھېچقانداق ئەمەل قىلماي تۇرۇپ، قانداقمۇ جەننەتكە كىرگىلى بولسۇن؟!

تۇمارنى بالايى ئاپەتتىن ساقلايدۇ، دەپ ئېسىش ياكى يېنىدا ساقلاش توغرىمۇ؟

مۇنداق قىلىش مۇشرىكلىك، كاپىرلىق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى تۇمار ئاسىدىكەن اللّٰه ئۇنىڭ ئىشىنى تامام قىلماي كوتا قىلىپ قويىدۇ». [ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم خاتىرلىگەن]

بالا قازالاردىن قورققان ئادەم مۇنۇ دۇئانى ئوقۇسۇن:

«اللّٰه نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەنكى، اللّٰه نىڭ ئىسمى بار يەردە زېمىن ۋە ئاسماندىكى ھېچنەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. اللّٰه ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر». [ئىمام مۇسلىم خاتىرلىگەن]

يېڭى نىكاھلانغان ئەر ـ ئاياللار تۇزغا چىلانغان ناننى يېيىشى ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسىمۇ؟

بۇنداق قىلمىشلار بىدئەتچىلىك.

ئۇلارنىڭ دېيىشىچە تۇزلۇق ناننى كىم ئاۋۋال يېسە شۇنىڭ گېپى ئۆتكۈر بولارمىش، ئائىلىدىكى ئورنى

www.munber.org

يۇقىرى بولارمىش.

رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلاردىن ھېچكىشى بۇنداق ئىشنى قىلمىغان. ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇقى ئىگە ئىكەنلىكى تۇزلۇق نانىنى يېيىش بىلەن ئەمەس، ئىمانى بىلەن بولىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە﴾. [سۈرە بەقەرە 22 ـ ئايەت]

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر﴾. [سۈرە نىسا 34 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر بىر ئادەمنى يەنە بىر ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولسام، ئايال كىشىنى ئۆز ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتۇم». [ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم خاتىرلىگەن].

بىلىشىڭىز كېرەك ئاياللار ئالدىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىڭىزنى تۇز بىلەن ئەمەس، ئىمان ۋە ۋىجدانىڭىز ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈسىز.

ئاياللارنى مەھرەمسىز ھالدا شەھەرمۇ ـ شەھەر ماڭدۇرۇش توغرىمۇ؟

مۇنداق قىلىش كاپىرلىق.

www.munber.org

بەزى كىشىلەر ئاياللار مال ئالسا، ئەرزان ئالدۇ، دەپ ئاياللىرىنى شەھەرمۇ شەھەر سودىغا ماڭدۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ مالنى ئەرزان ئالغانلىقىنى ئويلىمايدىكەن. يەنە بەزىلەر خوتۇن ـ قىزلىرىنى ياساپ سودا دۇكانلىرىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىكەن. بۇنداق بولغاندا سودىسى كۆپرەك بولارمىش.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ئى مۆئمىنلەر سىلەر ئۆزەڭلارنى ۋە ئەھلىڭلارنى دوزاختىن ساقلاڭلار﴾. [سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئايال كىشى ئۇچۇن مەھرەمسىز بىر كېچە ـ كۈندۈزلۈك سەپەرگە چىقىشى دۇرۇس ئەمەس» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن].

مۇسۇلمان قېرىنداشلار خۇتۇن قىزلىرىمىزغا ئىگە بولايلى، ئۇلارنى پۇل تېپىشنىڭ دەسمايىسى قىلمايلى! ئىمانىمىز بىلەن ياشايلى!

قېيناتىلارنىڭ كۈيئوغلىغا كۈيئوغۇل سالامى، دەپ ئۇچ قېتىم سالام قىلدۇرۇشى توغرىمۇ؟

مۇنداق قىلىش بىدئەتچىلىك، كۇپۇرلۇق.

سالامنى بىر قېتىم قىلىش ۋە ئاڭلىغۇچىنىڭ دەرھال جاۋاب قايتۇرۇشى توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار، ياكى ئۇنىڭ

www.munber.org

سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار». [سۈرە نىسا 86 ـ ئايەت]

سالام قىلىشتا ئىمان شەرت، چوڭ ـ كىچىكلىك، ئەر ـ ئاياللىق شەرت ئەمەس.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك باللارغىمۇ سالام بېرەتتى، ئاياللارغىمۇ سالام بېرەتتى». [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى قاتارلىقلار خاتىرلىگەن].

خىزىر ئەلەيھىسسالام رىزق بېرىدۇ، قەلەندەر قىياپىتىدە بولۇپ كېلىدۇ، دېيىشنىڭ ئىسلام دىنىدا ئاساسى بارمۇ؟

مۇنداق دېيىش مۇشرىكلىك، كاپىرلىق. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۆلدى. ئۇ مەۋجۇت ئەمەس.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿(ئى مۇھەممەد) سەندىن ئىلگىرى (ئىنسانلاردىن) ھېچ كىشىنى مەڭگۈ ياشاتقىنىمىز يوق. سەن ئۆلسەڭ ئۇلار مەڭگۈ ياشامدۇ؟ (بۇنداق بولۇش ئۇلارغا ھەرگىزمۇ مۇيەسسەر بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ) ھەربىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر﴾. [سۈرە ئەنبىيا 34 ـ 35 ـ ئايەت]

مېيىت ئۆلگەن ئۆيدە مېيىت ئۈچۈن تەلە ئوقۇش توغرىمۇ؟

بۇنداق قىلىش بىدئەتچىلىك. چۈنكى بۇ خىل قىلمىشلار رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلارنىڭ زامانىدا

www.munber.org

كۆرۈنمىگەن ئىش. بەزىلەر تەلە ئوقۇغان تاش، دەپ بىر نىمىلەرنى ساتىدىكەن، ئۇنى ئالغان كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىشكە پايدىسى بولارمىش.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ئىنسان پەقەت ئۆزى ئىشلىگەن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾. [سۈرە نەجم 39 ـ ئايەت]

مالنى نېسىگە سېتىپ، ئۆستۈرۈپ پۇل ئالسا هالالمۇ؟

دەۋرىمىزدە بەزى كىشىلەر ماللارنى نەق ئالساڭ مانچە پۇل، نېسى ئالساڭ مانچە پۇل دەپ نېسىگە ئالغان كىشىدىن ئۆستۈرۈپ كۆپەرەك پۇل ئالىدىكەن. مەسىلەن: بىر كىلوگرام سۈلياۋ يوپۇق نەق ئالساڭ ئون يۈەن، نېسى ئالساڭ ئون ئۈچ يۈەن، دېگەنگە ئوخشاش. بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىدۇ. مۇنداق سودا قىلىش جائىزلىقىنى دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكىچە: ئەبۇ هۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىر سودىدا ئىككى خىل سودا قىلىشتىن توستى» [ئىمام مالىك، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرىلىگەن].

بۇ هەدىسنى هەدىس شۇناسلار ئىككى خىل شەرهلىگەن. بىرىنچىسى: بۇ نەرسىنى هازىر نەق ئالساڭ ئون دەرهەم، نېسى ئالساڭ يىگىرمە دەرهەم دېيىش هارام. ئىككىنچىسى: بۇ نەرسىنى سەن ئالساڭ مانچە پۇل، داداڭ ئالسا مانچە پۇل دېيىش هارام

www.munber.org

دېگەن.

ئەبۇ سالىھ مۇنداق دەيدۇ ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئۆسۈم دېگەن پەقەت نېسىچىلىكتە بولىدۇ» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

ھەدىس شۇناسلار بۇ ھەدىسنى نەرسىنى نەقمۇ نەق ئالماشتۇرۇشتا جازانە شەكىللەنمەيدۇ. لېكىن مال نەق پۇلى نېسى بولغاندا جازانە شەكىللىنىدۇ، دەپ شەرھىلىگەن.

بۇ خىل سودىنى ھالال دېگۈچىلەرنىڭ ھەدىستىن، ئايەتتىن دەلىلى يوق. ئەمما بەزى ھەدىسلەرگە ئاساسەن ئىمام مالىك قىياس قىلىپ بۇنداق سودا قىلىش ھالال دېگەن. نۇرغۇن ئالىملار ئىمام مالىكنىڭ پىكرىگە ئاساسەن بۇ سودىنى ھالال دېيىشىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ياخشىراق ئويلاپ كۆرۈپ ئاندىن قارار چىقىرىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قېرىندىشىنى دۇنيا قىيىنچىلىقلىرىنىڭ بىرىدىن خالاس قىلىدىكەن، الله ئۇنى قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنىڭ بىرىدىن خالاس قىلىدۇ» [ئىمام مۇسلىم خاتىرلىگەن]

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿كىمكى اللە غا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى

www.munber.org

اللە نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ئۇنىڭ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىدىكەن) اللە ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭغا چوڭ ساۋاب بېرىدۇ﴾. [سۈرە ھەدىد 11 ـ ئايەت]

قەرز بەرگۈچىلەر ياخشى نىيەت بىلەن قەرز بېرىشى، مۇسۇلمانلار ئۆز ـ ئارا يار ـ يۆلەكتە بولۇشى، اللە نى خوشال قىلىدىغان ياخشى ئىش.

ئۆسۈم بىلەن سودا قىلىش ھالال دەپ چىڭ تۇرغۇچىلار مۇنۇ ھەدىسنى تەكرار ئوقۇشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«زۇلۇم قىلىشتىن قورقۇڭلار! ئېنىقكى زۇلۇم قىيامەت كۈنىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدۇر. ئاچكۆزلۈكتىن قورقۇڭلار! ئېنىقكى ئاچكۆزلۈك سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ھالاك قىلغان، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ قانلىرىنى تۆكۈش، ھارام ئىشلىرىنى ھالال ساناشقا ئېلىپ بارغان» [ئىمام مۇسلىم خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

«ھالال، ھارام ئىشلار ئاشكارا ئېنىق. لېكىن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بەزى شۈبھىلىك ئىشلار بار، كۆپىنچە كىشىلەر بۇنى بىلمەيدۇ. مۇشۇ شۈبھىلىك ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلىگەن كىشىلەرنىڭ ئىمانى، ئىناۋىتى پاك ھالەتتە تۇرىدۇ. بۇ شۈبھىلىك ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلىمىگەن كىشىلەر خۇددى چەكلەنگەن رايون ئەتراپىدا پادا باقىدىغان كىشىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ

www.munber.org

چەكلەنگەن رايونلارغا كىرىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار. ھەربىر پادىشاھنىڭ چېگراسى بار اللە نىڭ چېگراسى ئۇ ھارام قىلغان ئىشلاردۇر. بىلىش كېرەككى ئادەم تېنىدە بىر پارچە گۆش بار، ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ يۈرەكتۇر» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

مۇسۇلمانلار ئىمكان قەدەر شۈبھىلىك ئىختىلاپ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ دىنىنى، ئىناۋىتىنى ساقلىشى، تار چىغىر يولدا ماڭماي، كەڭ يولدا بىمالال مېڭىشى، مۇسۇلمانلارغا خاس ساپلىق بىلەن ياشىشى لازىم.

ئەمدى قەرزدارلارنىڭ قەرزنى ياخشى ئادا قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق ھەدىسى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«كىشىلەرنىڭ ياخشىسى قەرزلەرنى ئەڭ ياخشى قايتۇرغان كىشىدۇر» دېگەن ۋە كىچىك بىر بوتلاقنى قەرز ئېلىپ ئورنىغا تۆت ياشلىق ياخشى تۆگىدىن بىرنى قايتۇرۇپ بەرگەن. [ئىمام بۇخارى خاتىرلىگەن]

قەرز ئالغۇچىغا نىسبەتەن ياخشى قايتۇرۇش دۇرۇس، ئەمما ئۆزى قەتئى رازى بولۇش كېرەك. رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ياخشىراق قايتۇرسا مەيلى.

بىر ئايال ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:مەن زەيدىبنى ئەرقەمگە بىر خىزمەتكارنى پالانى چاققىچە بېرىشكە نېسى 800 دەرھەمگە سېتىپ، ئۆزۈم ئۈنىڭدىن نەق

www.munber.org

بىرىپ **600** دەرھەمگە سېتىۋالدىم، دىۋىدى ئائىشە ئۇ ئايالغا: ئۆزەڭ سېتىۋالغان ۋە ساتقان نەرسە نېمىدېگەن يامان؟ ئەگەر ئۇ تەۋبە قىلمىسا (زەيدىبنى ئەرقەم) ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن قىلغان جىھادى بىكار بولۇپ كېتىدۇ) دېگەن. [دارىقۇتنى خاتىرلىگەن]

جازانخورلار باشقىلارغا قىممەت ساتقان بىلەن ئۆزى ساتقان باھاغا ئۆزى ھەرگىز سېتىۋالمايدۇ. بۇ سودا نېمىدېگەن يامان ھە؟

بۇ خىل سودىنى مۇتلەق ھارام دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بەزى ئۆلىمالار بۇ خىل سودىنى توغرا دەپ قارىغان.

ۋەلىيسىز نىكاھ قىلىش توغرىمۇ؟

ۋەلىي دېگىنىمىز: ئايالنىڭ دادىسى ياكى يېقىنىدۇر. يېقىنى ئايالنىڭ ئۆز جەمەتىدىن ياكى ئۆز ئائىلىسىدىن پىكرى ئۆتكۈر، گېپىدە تۇرىدىغان مەسئۇلىيەتچان مۇسۇلمان كىشى بولۇشى كېرەك. ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرى بولۇش كېرەك. ۋەلىي بولغۇچى بىر تۇغقان ئاكىسى ياكى ئىنىسى ياكى تاغىسى بولۇشى، ھەرگىزمۇ ئىگە بولمايدىغان مەسئۇلىيەتسىز كىشىنىڭ ياكى توغقانچىلىقى بولمىغان كىشىنىڭ رەسمىيەت يۈزىسىدىن شەكىلگە ۋەلىي بولۇشى جائىز ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ۋەلىسىز نىكاھ نىكاھ ئەمەس» [ئەبۇ داۋۇد سۈننەت خاتىرلىگەن]

www.munber.org

ئۆمەر رەزىياللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«ئايال ۋەلىنىڭ ياكى ئۆز ئائىلىسىدىن ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشىنىڭ ياكى ئەمىرنىڭ ئىزنىسىز نىكاھلانمايدۇ» [ئىمام مالىك خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«چوكان ئۆزىگە ۋەلىدىن بەكراق ھەقلىق، قىزدىن رازىلىق ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ رازىلىقى جىم تۇرغىنىدۇر» [ئىمام مالىك خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «چوكان كېڭەش قىلىماستىن، قىز رۇخسىتىنى ئالماستىن ئەرگە بېرىلمەيدۇ». ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللاھ! قىزنىڭ رۇخستى قانداق، دېگەندە رەسۇلۇللاھ: «سۈكۈت قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى. [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

بۇنداق دېگەنلىك، تۇل ئايال ئۆزىنى ئۆزى ئەرگە بېرىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى "تېگىمەن" دېگەن سۆزنى ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆزى دېيىشى كېرەك. قىز كىچىك بولسا، ئۆز پىكرىنى بايان قىلالماي، جىم تۇرسا دادىسى ياتلىق قىلغانلىقىنى بىلدۇرسە نىكاھ جائىز بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ۋەلىيسىز ۋە ئادىل ئىككى گۇۋاھچىسىز نىكاھ، نىكاھ ئەمەس» [بەيھەقى ۋە دارىقۇتنى خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئايال

www.munber.org

كىشى ئايال كىشىنى ئەرگە بېرەلمەيدۇ ۋە ئايال كىشى ئۆزىنى ئۆزى ئەرگە بېرەلمەيدۇ. ئەگەر ئۆزىنى ئۆزى ئەرگە بەرسە زىناخور ھېسابلىنىدۇ» [ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن]

يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن مەلۇمكى، ۋەلىيسىز نىكاھ دۇرۇس ئەمەس. ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى ئالاھىدە قوغدايدۇ. ۋەلىيسىز نىكاھنىڭ ئاقىۋىتى ئاياللارغا ناھايىتى تالاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. بەزى ئالدامچىلار ھېچكىشىگە بىلدۈرمەستىن ئاياللارنى ئالداپ نىكاھ قىلىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋېلىپ تالاق قىلىۋېتىدۇ. ئايالنىڭ ۋەلىيسى بولمىغانلىقتىن ھېچكىم ئۇ ئايالغا ئىگە بولمايدۇ. ھەتتاكى ھەققىي مىھرىنىمۇ ئالالمايدۇ. ۋەلىيسىز نىكاھ قىلىش پاھىشىۋازلارنىڭ شەرىئەتكە ھىيلە ئىشلىتىپ پايدىلىنىدىغان بىر يولى بولۇپ قالدى. بۇنداق ئىشلاردىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم.

ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنى باشقىلارغا مەقسەتلىك نىكاھ قىلىپ بېرىپ تۇرۇپ، يەنە ياندۇرۋالسا ھالال بولامدۇ؟

بەزى مۇسۇلمانلار خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلىۋېتىپ، پۇشايمان قىلىپ قالسا، ئۆزى بىلىشىدىغان ئاغىنىلىرىگە، ياكى ئەرلىك ئىقتىدارى ئاجىز كىشىلەرگە نىكاھلاپ قويۇپ، يول ئاچتۇق، دەپ يەنە ئۆزى قايتۇرۇۋالىدىكەن، مۇنداق قىلىش قەتئىي ھارام.

الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر ئۇ (خوتۇنىنى) ئۈچ قېتىم تالاق قىلسا، (خوتۇن) باشقا ئەرگە

www.munber.org

تەگمىگىچە ئۇنۇڭغا دۇرۇس بولمايدۇ﴾ [سۈرە بەقەرە 230 ـ ئايەت]

ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خوتۇننى ھالال قىلغۇچى ۋە ھالال قىلىنغۇچىغا لەنەت قىلدى» [تىرمىزى خاتىرلىگەن].

ئائىشە رەزىيالالاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن: بىر كىشى ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىپتۇ، كېيىن ئۇ ئايال ئەرگە تېگىپتۇ، ئاندىن ئۇ ئەرمۇ تالاق قىلىپتۇ، ئۇ ئايال ئالدىنقىسىغا ھالال بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا رەسۇلۇللاھ: «ياق ئالدىنقىسىنىڭ ھەسەلچىلىكنى تېتىغاندەك ئىككىنچىسىنىڭمۇ ھەسەلچىلىكىنى تېتىمىغىچە ھالال بولمايدۇ» دېدى. [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

يۇقىرىقى ھەدىستىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر مەقسەتلىك ھالدا باشقىلارغا خوتۇننى ھالال قىلىپ بېرىمەن، دەپ نىكاھلاپ ئالغۇچى ياكى ئايالىمنى ھالال قىلىپ قوي، دەپ بىرسىگە بېرىپ تۇرغۇچى، الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. بۇ نېمىدېگەن پەسكەشلىك، نېمىدېگەن قەبىھ ئىش ھە؟!

قاتناش ۋەقەلىرىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قاتناش ئىگىلىرىدىن تۆلەم تەلەپ قىلسا بولامدۇ؟

تۆلەم (دىيەت) بىۋاستە ياكى مەلۇم سەۋەبلىك ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان كىشىگە كېلىدىغان بىر خىل

www.munber.org

تۆلەم. ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنى قەستەن ئۆلتۈرۈپ قويسا قىساس كېلىدۇ. جان ئىگىلىرى قىساس ئېلىش، تۆلەم تۆلتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. مۇسۇلماننى قەستەن ئۆلتۈرۈش ھارام.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿مۆمىن ئادەمنىڭ مۆمىن ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئەمەس، قەستەن ئۆلتۈرۈشى ھېچ دۇرۇس ئەمەس﴾. [سۈرە نىسا 92 ـ ئايەت]

ئەگەر بىر كىشى بىر كىشىنى سەۋەنلىكتىن مەلۇم سەۋەب بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۆلگۈچى تەرەپكە تۆلەم تۆلەيدۇ.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆمىن قولىنى ئازاد قىلىش ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك. ئۇلار (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى) دىيەتنى كەچۈرۈم قىلسا (شۇنىڭ بىلەن قاتىل ئۇنى) تۆلىمىسە ھېچ باك يوقتۇر» [سۈرە نىسا 92 ـ ئايەت]

تۆلەمنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:

«رەسۇلۇللاھ تۆگىسى بارلارغا يۈز تۆگە، كالىسى بارلارغا ئىككى يۈز كالا، قويى بارلارغا ئىككى مىڭ قوي بېكىتتى». [ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن]

www.munber.org

قاتنــاش ۋەقەســى ئاساســەن كۆتۈلمىگــەندە يــۈز بېرىدىغــان ســەۋەبلىكتىن ئــادەم ئۆلۈشــنى كــەلتۈرۈپ چىقىرىدىغــان پــاجىئە. قاتنــاش ۋەقەســىدە ئۆلگــۈچىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ قاتناش ئىگىلىرىدىن تۆلەم تەلەپ قىلىشى تامامەن يوللۇق. مىقدارىنى يۈز تۆگە هازىرقى ۋاقىتتا ئۆزى تۇرۇشلۇق رايوندا قانچە پۇل بولسا شۇنچە پۇلنى تەلەپ قىلىشى يوللۇق. قوي كالىمۇ ئوخشاشلا ھەرقايسى رايونلاردىكى باھاسىغا ئاساسەن قانچە پۇل بولسا شۇنچە پۇلنى تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى تەرەپنىڭ ۋارىسلىرى تۆلەمنى كەچۈرۈم قىلسا ئۇلار ئۈچۈن سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئىلىشنى نىيەت قىلسا، ئالسا مەيلى ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا تەھدىد، بېسىم ياكى ھىيلە ئىشلىتىپ ئالداپ تۆلەمنى بەرمەسلىككە ياكى قىرىندىشىڭنىڭ يېنى يەرگە تەگسۇن، دەپ تۆلەمدىن ۋاز كەچتۈرۈشكە ياكى تەقدىرگە قارشى چىقتىڭ، دەپ تۆھمەت قىلىپ ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشقا بولمايدۇ. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن اللە قا، پەيغەمبەرگە قارشى چىققان بولىدۇ. ئۇلارغا تۆلەم تۆلەشتىن ئالداپ قۇتۇلغان بىلەن اللە نىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئات گۆشى يېيىش ھالالمۇ؟

ئات گۆشىنى يېيىش توغرىسىدا ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. بەزىلەر قۇرئان كەرىمدىكى ﴿اللە ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئىشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى. اللە يەنە سىلەر بىلمەيدىغان

www.munber.org

نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ﴾ [سۈرە نەھل 8 ـ ئايەت] دېگەن بۇ ئايەت بۇ ئۈچ خىل ھايۋاننىڭ گۆشىگە قارىتىلغان ئەمەسلىكىگە توغرىسىدا نۇرغۇن ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن. رەسۇلۇللاھ بۇ ئايەتنى ئوبدان بىلىدۇ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«خەيبەر كۈنى رەسۇلۇللاھ ئېشەك گۆشىنى چەكلەپ، ئات گۆشىنى يېيىشكە رۇخسەت قىلدى» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

ئەنەس ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ:

«رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە بىز (مەدىنىدە) ئاتنى بوغۇزلاپ ئۇنىڭ گۆشىنى يېگەن» ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن مۇشۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئاتنىڭ گۆشىنى يېيىش ھالال. كىمكى ئاتنىڭ گۆشىنى ھارام دەيدىكەن. بۇ ھەدىسنى ئاغدۇرالايدىغان دەلىل قويۇش كېرەك.

ئۆي توشقانلىرى ھالالمۇ؟

بەزى كىشىلەر ياۋايى توشقان ھالال. ئائىلىلەردە بېقىلغان توشقان ھارام دېيىشىدىكەن، بۇنداق دېيىش خاتا. توشقاننىڭ ھەر قاندىقى ھالال.

ئەنەس ئىبنى مالىك مۇنداق دېگەن:

«مەررى زەھراندا تۇيۇقسىز بىر توشقاننى كۆردۇق، كىشىلەر ئۇ توشقاننى قوغلاپ ھاردۇرۇپ قويدى. مەن ئۇ توشقاننى تۇتىۋالدىم، ئاندىن ئەبۇ تەلھەنىڭ يېنىغا

www.munber.org

ئىلىپ كەلدىم. ئۇ، ئۇنى بوغۇزلىدى. توشقاننىڭ بىقىنىنى (يەنى پۇتىنى) رەسۇلۇللاھقا ئەۋەتتى رەسۇلۇللاھ يېدى» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

يۇقىرىقى ھەدىسكە ئاساسەن توشقان ھالال. ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆز كۆز قارىشى بويىچە ئۇ ھالال بۇ ھارام دېيىش ھوقۇقى يوق.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەش ئۈچۈن (بۇ ھالال، بۇ ھارام) دېمەڭلار. چۈنكى الله نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر. الله نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەقىقەتەن مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ﴾. [سۈرە نەھل 116 ـ ئايەت]

نىجاسەت يەيدىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى قانداق قىلىش كېرەك؟

نىجاسەت يەيدىغان ھايۋان دېگىنىمىز: توخۇغا ئوخشاش نىجاسەت يەيدىغان ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ. قوي، كالا، تۆگە، ئۆچكە بولسىمۇ ئوخشاش، نىجاسەتلەرنى داۋاملىق يەيدىكەن، ئۇلارنى مەلۇم مۇددەت سولاپ بېقىش كېرەك. ئاندىن بوغۇزلاپ يېسە بولىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېگەن:

«رەسۇلۇللاھ نىجاسەت يەيدىغان ھايۋانلارنىڭ

www.munber.org

گۆشنى يېيىشتىن، سۈتنى ئىچىشتىن توستى» [ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئەھمەد قاتارلىقلار خاتىرلىگەن]

قانچىلىك سولاپ قويۇش توغرىسىدا ئىبنى رۇسلان شەرھى سۈننە دېگەن كىتابىدا ئەڭ ئاز بولغاندا تۆگە، كالا قىرىق كۈن. قوي، ئۆچكە يەتتە كۈن. تۇخۇ ئۈچ كۈن سولىنىشى كېرەك دەيدۇ.

دەۋرىمىزدە بەزى تۇخۇ، بېلىق باقمىچىلىرى هارام هايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى چاناپ بېرىپ باقىدىغانلىقى مەلۇم. مۇنداق هايۋانلارنىڭ گۆشنى يېيىشكە بولمايدۇ.

باشقىلارنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن قىزىقچىلىق قىلدىم دەپ يالغان سۆزلەش توغرىمۇ؟

دۇنيادىكى هەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا قىزىقچىلىق كەڭ تارقالغان، مۇسۇلمانلاردىمۇ خېلىلا كۆپ.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ئى مۆئمىنلەر الله دىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار﴾ [سۈرە تەۋبە 119 ـ ئايەت]

يالغانچىلىق مۇناپىقلىقنىڭ ئىپادىسى. يالغاننى ئاڭلاپ ئولتۇرۇش گۇناھ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مۇشۇنداق تۆت ئىللەت كىمدە بار بولىدىكەن، ئۇلارنى تەرك ئەتمىگىچە ئۇ مۇناپىق. مۇشۇ تۆت ئىللەتتىن بىرى تېپىلىدىكەن ئۇنى تەرك ئەتمىگىچە

www.munber.org

ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقتىن بىر ئىللەت بولغان بولىدۇ. بۇ تۆت ئىللەت يالغان سۆزلىمەك، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلماق، تۈزۈشكەن توختامنى بۇزماق، جېدەللەشكەندە ئاغزىنى بۇزماقتىن ئىبارەت» [ئىمام بۇخارى خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدىغان ئادەملەرگە ۋاي! ئۇنىڭغا ۋاي! ئۇنىڭغا ۋاي!» [سۈننەت ئىماملىرى خاتىرلىگەن]

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ئۇلار (يەنى مۆئمىنلەر) بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر﴾ [سۈرە مۇئمىنۇن 3 ـ ئايەت]

الله يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿ئۇلار (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىلنىڭ قىلمىشلىرىدىن ھەقىقەتەن سوراق قىلىنىدۇ﴾. [سۈرە ئىسرا 36 ـ ئايەت]

قىزىقچىلار كۆپىنچە يالغان سۆزلەيدۇ ياكى كۆپتۈرۈپ سۆزلەيدۇ. مۇنداق قىلىش ھارام. ئۇلارنىڭ بىھۇدە تېتىقسىز سۆزلىرىنى ئاڭلاپ چاۋاك چېلىپ كۈلۈش بىھۇدە ئىش قىلغانلىق. مۇسۇلمانلار مۇنداق قىلماسلىقى لازىم.

## مېۋىلەرنى ھاراق ياسايدىغانلارغا سېتىش ھالالمۇ؟

www.munber.org

بەزى مۇسۇلمانلار مېۋە ـ چۈشلىرىنى هاراق ياسايدىغانلارغا ساتىدىكەن ياكى هاراقنىڭ خام ئەشياسىنى ئىشلەيدىغانلارغا ساتىدىكەن. بۇ خىل سودىنى بەزى ئىلىم ئەھلىلىرى هالال كۆزىمىز كۆرگەنگە هۆكۈم قىلىمىز، دەپ قارايدىكەن.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ياخشى ئىشقا، تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناهقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار﴾. [سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئۈزۈملەرنى يەھۇدىي ياكى خىرىستىيانغا ياكى هاراق ياسايدىغان كىشىگە سېتىش ئۈچۈن ئۈزۈمنى ئۈزۈشنى كېچىكتۈرسە، بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئوتقا ئاتقان بولىدۇ» [تىبرانى بەيھەقى خاتىرلىگەن]

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى مېۋىلەرنى هاراق زاۋۇتىغا ئەمەس، بەلكى مۇشرىك كاپىرلارغا سېتىشمۇ دۇرۇس ئەمەس. شەرىئەت كۆزىمىز كۆرگەنگە هۆكۈم قىلىدۇ، دەپ كۆڭۈل كۆزىمىز كۆرۈپ تۇرغان، يامانلىقنى بىلىپ تۇرغان ئىشنى قىلىش خاتا. مۇسۇلمانلارنىڭ مېۋىلىرىنى ئاساسەن كاپىرلار ئېلىپ يەۋاتىدۇ. مۇسۇلمانلارمۇ بىلىپ تۇرۇپ سېتىۋاتىدۇ. بۇمۇ ھەدىسكە ئاساسەن خاتا ئىدى. لېكىن الله نىڭ مەرھەمىتى كەڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە بىلىپ تۇرىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ

www.munber.org

ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقىنى اللە ئوبدان بىلىدۇ. اللە بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئەپۇ قىلغاي!

پايپاققا مەسھى قىلسا بولامدۇ؟

پايپاققا مەسھى قىلسا بولىدۇ. ئۇ پايپاق يۇڭدىن، پاختىدىن ۋە باشقا تالالاردىن ئىشلەنگەن بولسىمۇ پۇتنىڭ ئىتى كۆرۈنمىگىدەك دەرىجىدە زىچ، پۇختا توقۇلغان بولۇشى، ئۇشۇقتىن ئۈستۈنرەك قونچىسى بولۇشى، پۇتتا مۇستەھكەم تۇرۇشى، ماڭغاندا پۇت ئېچىلىپ قالماسلىقى شەرت. بەزى ئۆلىمالار جاھىللىق قىلىپ تېرىدىن ئىشلەنگەن بولۇشى شەرت دەپ قارايدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تاھارەت ئېلىڭلار، پايپاقلىرىڭلارغا ۋە ئاياقلىرىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار» [ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر خاتىرلىگەن. بۇ ھەدىسنى مۇغىرەتىبنى شۇئبە بايان قىلغان] ھەم رەسۇلۇللاھدىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتتقان. ئەگەر سىز بۇ توققۇز كىشىنىڭ تارىخىنى، تەپسىلاتىنى كۆرمەكچى بولسىڭىز (نەيلۇل ئەۋتارغا قاراڭ).

بەزىلەر جاھىللىق قىلىپ پايپاق ئۈچ كۈن چىدىشى كېرەك ياكى نەملىك ئۆتكۈزمەسلىكى كېرەك دەيدىكەن. پايپاقنى ئاياقنىڭ ئىچىگە كىيسە ئۈچ ئايمۇ چىدايدۇ. خۇرۇم پايپاقنىمۇ ئاياقنىڭ ئىچىگە كىيمىسە ئۈچ كۈن چىدىشى ناتايىن. ئەگەر سۇلياۋ كىيۋالسا ھەرگىزمۇ نەملىك ئۆتمەيدۇ. بۇمۇ جائىزمۇ؟ دىنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى ئاساس قىلمايدۇ.

ئەلى رەزىياللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر دىن كىشىنىڭ قارىشىچە بولىدىغان بولسا، ئۆتۈكنىڭ ئاستىغا مەسھى قىلىش، ئۆتۈكنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىشتىن ئەبزەل بولغان بولاتتى» [ئەبۇ دەۋدا خاتىرلىگەن]

بۈگۈنكى دەۋردىكى نۇپۇزلۇق ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن ئەفىق ئەبدۇل فەتتاھ، تەببارە، زۇھەيلى، يۇسۇپ قەرداۋىي قاتارلىق ئۆلىمالار ئەرەب، ئەرەبنىڭ تىلىنى ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرىنى ھەققەتەن مۇستەھكەم بىلىدۇ. مەنمۇ ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلىمەن. (جەۋرەب) پايپاق دېگەن سۆز بولۇپ، يىپتىن، پاختا ۋە باشقا تالالاردىن توقۇلغان پايپاقلارنى ئەرەبلەر ئىلگىرىمۇ ۋە ھازىرمۇ پايپاق يەنى "جەۋرەب" دەيدۇ. بەزىلەرنىڭ ئۇ چاغدىكى پايپاق، خۇرۇمنى، تېرىنى كۆرسىتىدۇ دېيىشى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى. كامىل تاھارەت ئالغاندىن كېيىن پايپاقنى كىيىپ ئاندىن كېيىنكى تاھارەتتىن باشلاپ پايپاققا مەسھى قىلسا جائىز بولىدۇ. پۇتنى يۇيۇش تېخىمۇ ياخشى.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾. [سۈرە بەقەررە 185 ـ ئايەت]

مەسھىنىڭ مۇددىتى مۇقىم ئۈچۈن 24 سائەت، مۇساپىر ئۈچۈن 3 كېچە ـ كۈندۈز دېگەن كۆز قاراشتا ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن. ئەمما پۇتنى يۇيۇش مەسھى

www.munber.org

قىلىشتىن ئەۋزەل.

نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەرنىڭ ھۆكۈمى نىمە؟

نامىاز ھەر بىر مۆئمىنگە الله پەرز قىلغان ئىبادەت بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تەرك قىلىشقا، سۇسلۇق بىلەن ئورۇنلاشقا، سەۋەب كۆرسىتىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈشكە قەتئىي بولمايدىغان مۇھىم ئىبادەت.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿نامازنى ئادا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى ناماز مۆئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى﴾ [سۈرە نىسا 103 ـ ئايەت]

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿بەش نامازنى بولۇپمۇ ئەسىر نامىزنى داۋاملاشتۇرۇڭلار﴾ [سۈرە بەقەر 238 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلمان ئادەم بىلەن كاپىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك ئېتىشتۇر» [ئىمام مۇسلىم قاتارلىقلار خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان: بىر اللهتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئەلچىسى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش» [ئىمام

www.munber.org

بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

«مەن كىشىلەر، الله دىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد الله نىڭ ئەلچىسى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىپ، ناماز ئوقۇپ، زاكات بەرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار مۇشۇنداق قىلسا، مەندىن قانلىرىنى، ماللىرىنى ساقلاپ قالىدۇ (ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا مەن ئۇلار بىلەن) ئىسلام ھەققى بىلەن (ئۇرۇش قىلىمەن). ئۇلارنىڭ ھېسابى الله تائالاغا» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

«ئىشنىڭ بېشى، ئىسلامنىڭ ئاساسى تۈۋرۈكى ناماز، يۇقىرى پەللىسى الله يولىدا جىھاد قىلىش» [مۇسلىم خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

«ناماز مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى ھۆججەت، كىمكى نامازنى تەرك قىلسا، ئۇ قەتئىي كاپىردۇر» [ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلار خاتىرلىگەن]

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن نامازنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. بىر ئادەم نامازنى تەرك قىلىدۇ، ھەم ئىنكار قىلىدۇ. بۇنداق كىشى كاپىر. يەنى مۇنداق كىشلەرمۇ بار ئۇلار نامازنى ئىنكار قىلمايدۇ. بىراق ھۇرۇنلۇق، سەل قاراش، دۇنيا

www.munber.org

مەشغۇلاتى، ئويۇن ـ تاماشا، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى سەۋەبىدىن ناماز ئوقۇمايدۇ. مۇنداق كىشىلەرنى كاپىر دېيىش كېرەكمۇ؟ ياكى پاسىق گۇناھكار دېيىش كېرەكمۇ؟ ئۇلارغا قانداق جازا بېرىش كېرەك؟

بۇ ھەقتە ئۆلىمالارنىڭ پىكرى ئوخشىمايدۇ. ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ:

نامازنى تەرك قىلغۇچى پاسىق گۇناھكار، ئۇنى قاتتىق ئۇرۇش كېرەك. ناماز ئوقۇغانغا قەدەر قاماپ قويۇش كېرەك. باشقا پەرزلەرنىمۇ تەرك قىلغۇچىمۇ ئوخشاش دەيدۇ.

ئىمام مالىك ۋە شافىئى نامازنى تەرك قىلغۇچى پاسىق گۇناھكار، سەۋەبسىز نامازنى تەرك قىلغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك. قوبۇل قىلمىسا ئۆلتۈرۈش كېرەك دەيدۇ.

ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ:

نامازنى قەستەن تەرك قىلغۇچى كاپىر. ئۇلارنى تەۋبە قىلىشقا چاقىرىش كېرەك، تەۋبە قىلمىسا ئۆلتۈرۈش كېرەك دەيدۇ. ئىمام ئەھمەد ئىساق ئىبنى راھۇيەلەرنىڭ نامازنى تەرك قىلغۇچىلارنىڭ كاپىر دېيىشىدىكى سەۋەبى.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ئۇلارغا رۇكۇ قىلىڭلار دېيىلسە رۇكۇ قىلمايدۇ﴾ سۈرە مۇرسەلات 48 ـ ئايەت.

www.munber.org

اللە تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئىش قىيىنلىشىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلىشقا چاقىرىلىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلالمايدۇ، ئۇلار (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمايدۇ. ئۇلارغا خارلىق يۈزلىنىدۇ. ئۇلار (دۇنيادا) ساغلام چاغلىرىدا سەجدىگە دەۋەت قىلىنغان ئىدى (سەجدىدىن باش تارتتى)﴾ [سۈرە قەلەم 42 ـ 43 ـ ئايەت]

اللە تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿(ئۇرۇش قىلىش) هارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىر ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۈزۈتۈپ تۇرۇڭلار. ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتىسە، زاكات بەرسە ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار﴾ [سۈرە تەۋبە 5 ـ ئايەت]

اللە تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتىسە، زاكات بەرسە دىنى جەهەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ﴾. [سۈرە تەۋبە 11 ـ ئايەت]

اللە دوزاخ ۋە جەننەت ئەهلىنىڭ سۆهبىتىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن:

﴿ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ: گۇناهكارلاردىن سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نېمە؟ دەپ سورايدۇ،

www.munber.org

ئـۇلار (يـەنى دوزاختىكىلـەر) ئېيـتىدۇ: بىـز نامـاز ئوقۇمىدۇق، مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق، بىهۇدە سۆز قىلغۇچىـلار بىلـەن بىهـۇدە سـۆز قىلاتـتۇق. قىيامـەت كۈنـنى ئىنكـار قىلاتـتۇق﴾. [سـۈرە مۇددەسسـىر 40 ـ ئايەتتىن 46 ـ ئايەتكىچە]

ئىمام ئەھمەد يۇقىرىقى دەلىللەرگە ئاساسەن نامازنى تەرك قىلغۇچىلارنى كاپىر دوزاخقا كىرىدۇ، دەيدۇ. ناماز ئوقىمىغۇچىلار دوزاخقا كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا بارلىق ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى نامازنى داۋاملىق ئوقۇسا، ئۇنىڭدا نۇر، ھۆججەت ۋە قىيامەت كۈنى نىجاتلىق بار. كىمكى نامازنى ئوقىمىسا ئۇنىڭدا نۇر، ھۆججەت ۋە نىجاتلىق يوق. ئۇ قىيامەت كۈنى قارۇن، پىرئەۋن، ھامان ۋە ئۇبەي ئىبنى خەلەپ بىلەن بىللە بولىدۇ». [ئىمام ئەھمەد خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئەسىر نامىزىنى تەرك قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەلى بىكار قىلىنىدۇ» [ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلار خاتىرلىگەن]

ئويـلاپ كـۆرەيلى بىـر ۋاقـتلىق نامـازنى تـەرك قىلغانلارنىڭ ئەمەلى بىكار قىلىنىدىغان تۇرسا، ئۆمۈرۋايەت ناماز ئوقۇمايدىغانلارنىڭ ئەمەلى قانداق بولار؟!

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

«جامەئەتكە چىقمايدىغانلارنى ۋە ئۆلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتسەم» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

رەسۇلۇللاھ ناماز ئوقۇيدىغان ئەمما جامائەتكە چىقمىغان كىشىگە شۇنچىلىك خاپا بولغان يەردە، ناماز ئوقۇمايدىغان كىشىگە قانچىلىك خاپا بولار. تۆۋەندە ساھابىلار ۋە شەرىئەتشۇناس ئالىملارنىڭ نامازنى تەرك قىلغۇچى توغرىسىدىكى پىكرىنى كۆرۈپ باقايلى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ناماز ئوقۇمىسا، ئۇ كاپىردۇر».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنداق دېگەن:

«كىمكى ناماز ئوقۇمىسا، ئۇ كاپىردۇر».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ناماز ئوقۇمايدىكەن، ئۇنىڭدا دىن يوق».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ناماز ئوقۇمىسا، ئۇ كاپىر بولىدۇ».

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ناماز ئوقۇمىسا، ئۇنىڭ ئىمانى يوق».

ئىلىم ئەھلىلىرىدىن يۇقىرىقىدەك دەلىللەرگە ئاساسەن، نامازنى قەستەن تەرك قىلغۇچى يەنە بىر

www.munber.org

نامــازنىڭ ۋاقــتى كىرىگــىچە كاپىــر هــالدا تۇرىـــدۇ،
دېگۈچىلەرمۇ بار.

ئەيۇب سەختىيانى مۇنداق دەيدۇ:

نامازنى تەرك قىلغۇچى كاپىر بولىدۇ. بۇ مەسىلىدە
ئىختىلاپ يوق. هاپىز مۇنزىرى ساهابىلاردىن نامازنى
قەستەن تەرك قىلغۇچىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىگە هۆكۈم
قىلغانلارنى بىر-بىرلەپ تىلغا ئالغان. ئۇلار ئۆمەر ئىبنى
خەتتاب، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئاببا‌س، مۇئاز ئىبنى
جەبەل، جابىر، ئەبۇ دەردا رەزىيەللاهۇ ئەنهۇم
قاتارلىقلار. ساهابى بولمىغانلاردىن ئەهمەدى ئىبنى
هەمبەل، ئىسهاق ئىبنى راهۇيە، ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك،
نەخەئى، هەكەم ئىبنى ئەتىبە، ئەييۇب سەختىيانى،
ئەبۇ داۋۇد، تىيالىسى، ئەبۇ بەكرى، ئىبنى شەيبە،
زەهىر ئىبنى هەرب ۋە باشقىلار.

هەر بىر ئىلىم ئىگىسى نامازنى تەرك قىلغۇچىلارغا
نەسىهەت قىلىشى، تۈۋۋا قىلىشقا چاقىرىشى لازىم.

ئىمام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن:

«نامازنى تەرك قىلغۇچىلارغا سالام بەرمەڭلار،
سالىمىغا جاۋاب بەرمەڭلار، چاقىرسا بارماڭلار».
بەزىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "كىمكى الله بىر،
مۇهەممەد الله نىڭ ئەلچىسى دېسە، جەننەتكە كىرىدۇ"
دېگەن هەدىسكە ئاساسەن، ناماز ئوقۇمىسىمۇ مۇسۇلمان
جەننەتكە كىرىدۇ، دېيىشىدۇ. مۇشۇ هەدىسنى ئەبۇ
هۇرەيرە، مۇئازلارغا رەسۇلۇللاه دەپ بەرگەن. بۇ

www.munber.org

ساھابىلار بۇ ھەدىسنى تاكى سەكراتقا چۈشكىچە ھېچكىمگە دېمىگەن. چۈنكى رەسۇلۇللاھ بۇ ھەدىسنى تەشۋىق قىلىشتىن توسقان. ناماز ئوقۇمىسىمۇ مۇسۇلمان جەننەتكە كىرىدۇ، دەپ تالاشقۇچىلار پەيغەمبەر بىلەن قارشىلاشقانلىق بولىدۇ. ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئىشەنمىگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى ناماز ئوقۇمىغانلارنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقى ئايەت بىلەن مۇستەھكەم دەلىللەنگەن.

ناماز ئوقۇمىسىمۇ مۇسۇلمان جەننەتكە كىرىدۇ، دىگۈچىلەر كىشىلەرنى جەننەتكە چاقىرماقچىمۇ؟ ياكى دوزاخقىمۇ؟

بانكىدىن پۇل قەرز ئېلىپ ياكى ئامانەت قويۇپ ئۆسۈم ئالسا، ياكى ئۆسۈم بەرسە ھالالمۇ؟

ھازىرقى دەۋرىدىكى كاپىرلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى بانكىلار ئاساسەن جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار قەرز بەرسە ئۆستۈرۈپ ئالىدۇ. ئامانەت قويسا ئۆسۈم بېرىدۇ. جازانە ھەرقانداق كىشى بىلەن قىلىنسا ئوخشاشلا ھارام.

ﷲ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ئىمان ئېيتقان كىشىلەر (ھەقىقي) مۆئمىن بولساڭلار (ﷲ نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى ئالماڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار بىلىڭلاركى ﷲ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە

ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزەڭلارغا قايتىدۇ. باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر ئۆزۈڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر﴾. [سۈرە بەقەررە **278** ـ **279** ـ ئايەتلەر]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«الله جازانە يېگۈچى، جازانە يېگۈزگۈچى، گۇۋاھ بولغۇچى ۋە جازانىنى يازغۇچىغا لەنەت قىلدى» [سۈننەت ئىماملىرى خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەمنىڭ بىلىپ تۇرۇپ بىر دەرھەم جازانىنى يېيىشى **36** قېتىم زىنا قىلغاندىن يامان» [ئىمام ئەھمەد خاتىرلىگەن]

ئەگەر مۇمكىن بولسا جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بانكىلار بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىق كېرەك. زۆرۈر بولغاندا تۆۋەندىكىدەك ئەھۋال ئاستىدا مۇئامىلە قىلىشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ كۆپ قىسمى بىرلىككە كەلگەن. بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە كۆپ پۇلنى (كارت بىلەن) يۆتكەش ياكى بىر ئادەم بىر دۆلەتتىن باشقا بىر دۆلەتكە بېرىپ قېلىپ، يۇرتىغا قايتىش ئېھتىمالى بولمىسا، ئۇ دۆلەتتە پۇتۇنلەي كاپىرلار بولغان بولسا، ھېچ كىم ياردەم قىلمىسا يۇرتىغا قايتىپ كەتكىدەك مىقداردا جازانە پۇل ئېلىپ قايتسا جائىز. بۇنىڭدىن باشقا ئۆلۈپ كېتىدىغان كىسەل،

www.munber.org

پەۋقۇئاددە ئەھۋال ئاستىدا جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىپ قالسا، الله ئەپۇ قىلىشى مۇمكىن. شۇنىسى ئېنىقكى كاپىرلارنىڭ جازانىخور بانكىلىرى ھەرگىزمۇ نامراتلارغا قەرز بەرمەيدۇ. جازانە بىلەن قەرز ئالغانلار ئاساسەن بايلار. ئەگەر سىز ھەقىقي مۆئمىن بولسىڭىز ھەرگىز مۇنداق قىلماڭ.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿كىمكى ئۆلاردىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) نائىلاج ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ھاياتىنى ساقلاپ قالغىدەك يېسە (ھېچ گۇناھ بولمايدۇ). چۈنكى پەرۋەردىگارىڭ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مېھرىباندۇر﴾. [سۈرە ئەنئام 145 ـ ئايەت] الله ھەممىمىزنى مەغپىرەت قىلغاي!

توي سوغىتى ئېلىش توغرىمۇ؟

توي سوۋغىتى ياكى قانداقلا سوۋغا بولسۇن مۇسۇلمانلارغا سوۋغا قوبۇل قىلىش ھالال.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئۆز ئارا سوۋغا بېرىشىڭلار، دوست بولۇسىلەر. قول ئېلىشىپ كۆرۈشىڭلار، سىلەردىن ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىك كېتىدۇ» [ئىبنى ئەساكىر خاتىرلىگەن]

ئائىشە رەزىيالللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن:

«رەسۇلۇللاھ سوۋغىنى قوبۇل قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئالدىراپ باراتتى» [ئىمام بۇخارى خاتىرلىگەن]

www.munber.org

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«خەيبەرنى ئىشغال قىلغان كۈنى رەسۇلۇللاھ سەفىيە بىنتى ھۇيەيىننى مېھرى ئۈچۈن ئازاد قىلىپ نىكاھىغا ئالدى. ئەتىسى توي ئۆتكۈزدى، كىمنىڭ يېنىدا بىر نەرسە بولسا ئېلىپ كەلسۇن، دېدى ۋە بىر تېرە داستىخاننى سېلىپ قويدى. كىشىلەر خورما، سېرىق ماي، تالقان قاتارلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ئاندىن مۇشۇ نەرسىلەردىن تاماق تەييارلاندى. مۇشۇ رەسۇلۇللاھنىڭ توي زىياپىتى بولغان» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

يۇقىرىقىدەك توي سوۋغاتلىرى ھالال. ئەمما كىشىلەردىن ئارتۇق سوۋغاتقا ئېرىشىش ياكى سوۋغات ئارقىلىق سوۋغاتنى قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتى بىلەن بەرگەن ياكى ئالغان توي سوۋغىتى ھارام. بەزى كىشىلەردە دەپتەرنى كۆتۈرۈپ كىمنىڭ قانچىلىك سوۋغات ئېلىپ كەلگەنلىكىنى خاتىرلەپ، ئېلان قىلىپ ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك سوۋغات قايتۇرۇپ پەسكەشلىك ۋە زىددىيەت ئۇرۇقىنى چاچىدىكەن مۇنداق قىلىش ھارام.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿سىلەر كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بىرەر پۇل مالنى بەرسەڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئۆسمەيدۇ. (يەنى كىشىلەرنىڭ بەرگىنىمىزدىن جىقراق قايتۇرسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بېرىلگەن

www.munber.org

سۈۋغىنىڭ الله نىڭ دەرگاھىدا ساۋابى بولمايدۇ) الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلارغا ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ﴾. [سۈرە رۇم 39 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سۈۋغىنى ياندۇرۇۋالغان كىشى، قورسىقىنى يېگەن ئىتقا ئوخشايدۇ» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

كۆپ ئايالى بارلار نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

ئىسلام دىنى تۆتكىچە ئايال ئېلىشقا رۇخسەت قىلغان. بۇ ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ئىلاھى قانۇن. لېكىن بەزى ئىسلاس كىشىلەر، بۇ قانۇندىن پايدىلىنىپ ئىككى، ئۈچ ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ بىرىنى بىر شەھەرگە، يەنە بىرىنى يەنە بىر شەھەرگە تاشلاپ قويۇپ خالىسا ئۇلارنى يوقلاپ، خالىمىسا كارى بولماي ئۇلارنى بوزەك قىلىدىكەن، بۇنداق قىلىش ھارام.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار﴾. [سۈرە بەقەر 228 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

«تاماق يېسەڭ ئۇنىڭغىمۇ بېرىسەن، كىيىم كەيسەڭ ئۇنىڭغىمۇ كىيگۈزىسەن، يۈزىگە ئۇرما، سەت گەپ قىلما، ئۆيدىن باشقا يەرگە تاشلاپ قويما» [ئىمام

www.munber.org

ئەھمەد قاتارلىقلار خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىككى ئايالى بار ئادەم بىرىسىدىن بىرىسىگە مايىل بولسا، قىيامەت كۈنى بەدىنىنىڭ يېرىمى چۈشۈپ كېتىپ سۆرىگەن ياكى مايماق ھالدا كېلىدۇ» [تىرمىزى خاتىرلىگەن]

ئەگەر ئادىل مۇئامىلىدە بولۇشقا كۆزى يەتمىگەن كىشى بىرلا ئايال بىلەن كۇپايىلەنسە ياخشى. كۆپ خۇتۇنلۇقنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر يۇقىرىقى ھەدىسلەرنى ئوبدان كۆرۈپ ئاندىن تۇتۇش قىلىش كېرەك.

ھەج قىلغان كىشىلەرنى چوقۇم ھاجىم دەپ ئاتاش كېرەكمۇ؟

ھەج قىلىش ئىسلام دىنىدىكى بەش ئاساسنىڭ بىرى بولۇپ، مۇھىم ئىبادەت.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن شۈبھىسىزكى الله ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر﴾. [سۈرە ئالى ئىمران 97 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىسلام بەش ئاساسنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان: الله دىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد الله نىڭ ئەلچىسى دەپ

www.munber.org

گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش ۋە ھەج قىلىش» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ھەج قىلىپ سەت گەپ قىلمىغان ۋە بۇزۇقچىلىق قىلمىغان بولسا، گۇناھىدىن ئانىسى تۇغقان كۈندىكىدەك پاكلىنىدۇ» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

ھەج قىلىش ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئىبادەت، كىمكى الله نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، باشقا پەرزلەرنىمۇ ئادا قىلىپ ھەج قىلسا، ھەقىقەتەن گۇناھىدىن پاك بولىدۇ. لېكىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يەنە بىر قىسىم كىشلەر ھەج قىلىشنى ئۆزىگە بىر خىل ئاتاق، ئۇنىۋان، تەخەللۇس قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ھارام يوللار بىلەن پۇل تېپىپ ھەج قىلغان، ئۆزىنى ھاجى دەپ ئاتاشنى تەلەپ قىلغان، ھەتتاكى ئىسمىنى چاقىرسا مېنى ھاجى دېمىدىڭ دەپ خاپا بولغان. مەن نەچچە مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ ھەج قىلدىم دەيدىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەج قىلغان ۋە باشقا ساھابىلارمۇ ھەج قىلغان ھەتتا قانچە قېتىملاپ ھەج قىلغان. ئەمما ئۇلارنى ھېچكىم ھاجى دەپ ئاتىمىغان. بىرەرمۇ ساھابىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ھاجى دېگەن ئاتاقنىڭ قوشۇلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ھەج قىلىش ئىسلام دىنىدىكى بەش ئاساسنىڭ بىرى، نامازنى ئادا قىلغانلارنى پالانى ناماز، روزىنى ئادا قىلغانلارنى پالانى روزا، زاكاتنى ئادا قىلغانلارنى پالانى زاكات دېيىش كېرەكمۇ؟

www.munber.org

ياخشــى ئەمەللــەر الله نــڭ رازىلىقــى ئۈچــۈن قىلىنىشــى كېــرەك. ئەگــەر كىشلەرگــە كۆرســىتىش، نــام ئاتاقىقا ئېرىشــش ئۈچــۈن قىلىنىدىكــەن ھەرگــىز ساۋاب بېرىلمەيدۇ.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ئــى مۆئمىنلــەر! الله قــا ئىتائــەت قىلىــڭلار. ئەمــەللىرىڭلارنى (كۆپــرى، مۇناپــىقلىق ۋە رىيــا بىلــەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾ [سۈرە مۇھەممەد 33 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مەن سىلەردىن بەك ئەنسىرەيدىغان نەرسە كىچىك شېرىك» ئى رەسۇلۇللاھ! كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟ دەپ سورالغاندا. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «(ئــۇ بولســمۇ) رىيــا، الله قىيامــەت كۈنــدە كىشلەرگــە ئەمەللىرى بويىچە ھۆكۈم قىلغاندا، سىلەر ئەمەللىرىڭلارنى كۆرســىتىپ قىلغــان كىشــلەرنىڭ يېنىغا بېــرىڭلار، قــاراپ بېقىڭلار ئۇلارنىڭ قېشىدىن مۇكاپات تاپالامسىلەر؟ دەيدۇ» [ئىمام ئەھمەد خاتىرلىگەن]

ئاشۇ رىياكار كىشلەرنىڭ باشقىلارغا كۆرستىش ئۈچۈن قىلغان ھەججى بىكار قىلىنىدۇ.

ئاياللارغا ھۆسن تۈزەش ۋە ھۆسن تۈزىتىش ھالالمۇ؟

ھەممــە ئىنســان گــۈزەللىكنى يــاقتۇرىدۇ. بــۇ ئىنسانىيەتتىكى ئورتاق خۇسۇسىيەت. شۇڭا الله تائالا مۇ ئىنسانلارنى ناھايتى چىرايلىق شەكىلدە ياراتقان.

www.munber.org

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ياراتتى، سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى. سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى﴾ [سۈرە تەغابۇن 3 ـ ئايەت]

الله چىرايلىق دەپ ياراتقان چىرايلارنى ئۆزگەرتىش الله بىلەن قارشىلاشقانلىق. الله ياراتقان چىرايلارنى ياراتمىغانلىق.

ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ:

«الله مەڭ چەككۈچى، چىكىپ قويغۇچى، چىشىغا ئىگەك سالغۇچى، الله بەرگەن تەبئى گۈزەللىكنى بۇزغۇچىلارغا لەنەت ئوقۇيدۇ. رەسۇلۇللاھ لەنەت ئوقۇغان ئىدى».

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿پەيغەمبەر چەكلىگەندىن سىلەرمۇ چەكلىنىڭلار﴾ [سۈرە ھەشرنىڭ 7 ـ ئايەت]

مۇسۇلمانلار بۇنداق ئىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشى لازىم. بۇنىڭدىن باشقا كاپىرلارنىڭ، كاپىر ئاياللارغا خاس لايىھىلەنگەن يېرىم يالىڭاچ كىيىملەرنى سېتىشىمۇ ھارام.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ياخشى ئىشقا تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار﴾ [سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەت]

www.munber.org

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«رەسۇلۇللاھ ئاياللاردەك كىيىنئۇالغان ئەرلەرگە، ئەرلەردەك كىيىنئۇالغان ئاياللارغا لەنەت قىلغان» [ئىمام بۇخارى خاتىرلىگەن]

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ پاكىز، رەتلىك ئۆزلىرىگە خاس كىيىم كىيىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ناخشا ـ مۇزىكا قاتارلىقلارغا قانداق قارايدۇ؟

ئىسلام دىنى ئەدەبىيات سەنئەت ۋە ناخشا مۇزىكىلارغا ئەتراپلىق مۇئامىلە قىلىدۇ.

شېئىرىيەتكە قارىتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«لەبىيدنىڭ مۇنۇ سۆزى شائىرلارنىڭ سۆزلىرى ئارىسىدا ئەڭ راست سۆزدۇر ـ دۇنيادا بىكاردۇر بىر خۇدادىن باشقا بارلىق نەرسە. ئۇمەييە ئىبنى ئەبۇ سەلت ئۆز شېئىرلىرىدا ئىمان ئېيتقىلى ئازلا قالغان ئىدى» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

خەندەك كولاۋاتقاندا رەسۇلۇللاھمۇ باشقىلارغا ئەگىشىپ ياخشى شېئىرلارنى ئوقۇغان، مەزمۇنى ساغلام، سۆز ئىبارىلىرى جانلىق، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى يۇقىرى، ئىسلام دىنىنى كۈيلەيدىغان، باتۇرلۇققا، كۆرۈشكە ئۈندەيدىغان شېئىرلارنى ئوقۇش دۇرۇس. ئەمما چاكىنا، ئېتىقادسىز بىراۋلارنى ئۇرۇنسىز ماختايدىغان

www.munber.org

خوشامەتچىلىك، تەخسكەشلىك بىلەن يېزىلغان ئوردا شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى هارام.

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلارنىڭ ئىچى شېئىر بىلەن تولغاندىن كۆرە يىرىڭ بىلەن تولغىنى ئەلۋەتتە تۈزۈكتۇر» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرلىگەن]

ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسۇل قاتارلىقلار توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿بەزى كىشىلەر بىلمەستىلىكتىن (كىشىلەرنى الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن) بىهۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ﴾ [سۈرە لوقمان 6 ـ ئايەت]

الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قۇزغىتالايدىغانلىكى ئادىمىڭنى ئاۋازىڭ بىلەن (يەنى گۇناھقا چاقىرىدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلار بىلەن) قوزغاتقىن﴾ [سۈرە ئىسرا 64 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ ئۈممىتىمدىن زىنانى، يىپەك رەختلەرنى كىيىشنى، هاراق ئىچىشنى، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى هالال سانايدىغان خەلقلەر چوقۇم مەيدانغا كېلىدۇ» [ئىمام بۇخارى خاتىرلىگەن]

ناخشا ـ مۇزىكىلار ھەقىقەتەنمۇ بىھۇدە گەپ. دۇنيادا ھېچقانداق ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ، مۇزىكا چېلىپ شەھەر ئالغان، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان قەۋملەر يوق.

www.munber.org

ئارتىسلار ھامان مەغلۇبلاردىن چىقىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىغا يىراقنى كۆرەرلىك كۆزىڭىز بىلەن نەزەر سېلىڭ. ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئىسلام دىنى قەتئىي ھارام دېمەيدۇ. مەقسەت مەزمۇنىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىدۇ. ھېيت ـ ئايەم، توي ـ تۆكۈن، غەلىبە، خۇشاللىقنى تەبرىكلەيدىغان كۈنلەردە ناخشا ـ مۇزىكا، شېئىر، مەزمۇنى ساغلام، سۆز ئىبارىلىرى چىن بولسا رۇخسەت.

ئائىشە رەزىيالLahu ئەنھا مۇنداق دېگەن:

«ئەنسارىلاردىن بولغان ئىككى قىز ھېيت كۈنلىرى بۇئاس قوشىقى ئېيتىپ ئويناۋاتاتتى. ئەبۇ بەكرى كىرىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىدە شەيتاننىڭ نەغمە ناۋالىرى ياڭراۋاتىدىغۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: ئى ئەبۇ بەكرى ھەر قانداق قەۋمنىڭ ھېيتى بولىدۇ. بۈگۈن بولسا بىزنىڭ ھېيتىمىز دېدى» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم خاتىرىلىگەن]

رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن:

«ھالال ـ ھارام ئوتتۇرىسىدىكى پەرق داپ ۋە ئاۋاز» [بەش ئىمام بىرلىكتە خاتىرىلىگەن] مۇنداق دېگەنلىك تويدا ئېلان قىلىش يۇزىسىدىن داپ قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن ئېلان قىلسا مەيلى.

ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇرۇپ ناخشا ـ مۇزىكا ۋە ئۇسۇللارنى ئوينىشى ئەرلەرنىڭ، ئاياللارنىڭ ناخشا ـ ئۇسۇللىرىنى ئاڭلىشى، كۆرۈشى قەتئىي ھارام. ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئاڭلىشى، كۆرۈشى قەتئىي

www.munber.org

هارام.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿مۆئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن. مۆئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن﴾ [سۈرە نۇر 29 ـ 30 ـ ئايەت]

الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿سىلەر (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) نازاكەت بىلەن سۆز قىلماڭلار (ئۇنداق قىلساڭلار) دىلىدا نىپاق بار ئادەم (سىلەردىن) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ. گۇماندىن خالى ياخشى سۆزنى سۆزلەڭلار. ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار﴾ [سۈرە ئەھزاب 32 ـ 33 ـ ئايەت]

سەھنىدىكى يېرىم يالىڭاچ، غىلجىڭ، سەتەڭ خوتۇن ـ قىزلارنىڭ نازلىنىپ، تولغىنىپ ئويناۋاتقان ئۇسسۇللىرىنى، ئېيتىۋاتقان ناخشىلىرىنى كۆرۈش، ئاڭلاش، ئۇلارغا جور بولۇپ تەڭ ۋارقىراش، چاۋاك ئۇرۇپ قارشى ئېلىش قەتئىي هارام.

شۇنىڭدەك ئارتىسلارنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇللىرىنى لىنتا ئىشلەپ سېتىش، سېتىۋېلىشمۇ هارام.

الله تائالا مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

﴿(ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىلنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە سوراق قىلىنىدۇ﴾ [سۈرە ئىسرا 36 ـ ئايەت]

الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿ئۇلار (يەنى مۆئمىنلەر) بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ﴾ [سۈرە قەسەس 55 ـ ئايەت]

مۆئمىن مۇسۇلمانلار مۇنداق هارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم.

تۈگىدى

www.munber.org